

ئەبۇلمۇنزىر
خەلىل ئىبراھىم ئەمىن
ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى
بيت العنكبوت
ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

ئەگەر سىز ئىسلام دىنى، تارىخى،

مەدەنىيىتى، مەشھۇر شەخسلىرى،

ئۆزىڭىزدەك سىز ئېھتىياجلىق بولغان

بارلىق تېمىلار بويىچە ئەتراپلىق

مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى بولسىڭىز

www.munber.org

www.munber.org

نى زىيارەت قىلىڭ!

مۇنبەر سىزنىڭ ، مۇنبەر بىزنىڭ،

مۇنبەر ھەممىمىزنىڭ مۇنبىرى.

يېڭى مۇنبەر ئورنىغا مەرھەمەت !

# مۇندەرىجە

بېغىشلىما............................................................................... **7**

بۇ كىتابچە كىم ئۈچۈن؟................................................................... **9**

ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى........................................................................... **22**

ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىگە دائىر ئىلمىي مۆجىزىلەر.......................................... **24**

قەبر بېشىدا قىلىنغان ئىبادەتلەردە شېرىكنىڭ يۈز بېرىشى توغرىسىدا....... **30**

قەبىر ئىگىلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغان كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا......... **41**

شېرىكنىڭ ئېغىرلىقى ۋە الله تائالانىڭ مۇشرىكنى مەڭگۈ مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا............................................................. **51**

شېرىكنىڭ بۇ قەدەر خەتەرلىك بولۇشىدىكى سىر نېمە؟............................ **59**

قەبرە ھەققىدىكى شەرئى چەكلىمىلەر .................................................. **64**

ئۆلۈكلەرگە ئىبادەت قىلغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك شۈبھىلەرگە رەددىيە.......... **72**

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھېكمىتى ............................................ **86**

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتا يول قويۇلغان ئىشلار ............................... **89**

ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولمىدىمۇ؟.............. **98**

ئۆمۈچۈك ئۆيى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى ............................................................................... **109**

﴿بىز ئىنسانلارغا )قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن( بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾ ...................... **116**

# بيت العنكبوت

﴿مَثَلُ الَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ أَوْلِيَاء كَمَثَلِ الْعَنكَبُوتِ اتَّخَذَتْ بَيْتًا وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنكَبُوتِ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾

أبو المنذر خليل إبراهيم أمين

المترجم: ئا. قارلوقي

مركز الترجمة الأيغورية

www.munber.org

# ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى

﴿اللّٰه نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنىۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى)﴾ [ئەنكەبۇت سۈرىسى 41 ـ ئايەت]

ئەبۇئەلمۇنزىر خەلىل ئىبراھىم ئەمىن

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئا. قارلۇقىي

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

www.munber.org

# كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىشنى خالايدىغانلار بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
Munber@munber.org
www.munber.org

2005 ـ يىلى
بىرىنچى نەشرى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

www.munber.org

## بسم الله ارحمن الرحيم

الحمد لله وحده، والصلاة والسلام على من لا نبي بعده، وبعده، فقد خلق الله الخلق ليفردوه وحده بالعبودية ولا يشركوا معه في عبادته أحدا فقال تعالى: ﴿وما خلقت الجن والإنس إلا ليعبدون﴾ وقال: ﴿وما أمروا إلا ليعبدوا الله مخلصين له الدين ﴾ وآيات القرآن الكريم في هذا المعنى كثيرة، بل إن شواهد القرآن كله وداعيها تدور حول إفراد الله – عز وجل – بالعبادة وتوحيدها .

فالقرآن إما خبر عن الله وأسمائه وصفاته وأفعاله فهو التوحيد العلمي الخبري، وإما دعوة إلى عبادته وحده لا شريك له وخلع كل ما يعبد من دونه فهو التوحيد الإرادي الطلبي، وإما أمر ونهي وإلزام بطاعته في نهيه وأمره، وهذا من حقوق التوحيد ومكملاته، وإما خبر عن كرامة الله ـ تبارك وتعالى ـ لأهل توحيده وما يكرمهم به في الدنيا، وما ادخره لهم في الآخرة من الثواب والأجر العظيم، وإما خبر عن أهل الشرك وما فعل بهم في الدنيا من النكال والعقاب الأليم، وما يحل بهم في الآخرة من العذاب الدائم الذي لا ينقطع. ورغم كل ذلك فقد اجترأ قطيع كبير من البشر على خالص حق الله ـ تعالى ـ بالسماجة والقِحَة.

فيما هو أوسع من فج البر، فخالفوا أوامر الله – تعالى – وعصوا رسوله صلى الله عليه وسلم فبنوا على القبور القباب العالية وزينوها وأسرجوها وفرشوها بأنواع البسط، ثم قاموا يتضرعون عندها تضرعاً لا يفعلونه في بيت الله الحرام، ويدعون المقبور بدعاء لا يدعون مثله في وقت السحر وقت نزول الرب – تبارك وتعالى – إلى السماء الدنيا ينادي: "هل من سائل فأعطيه"، ويطلبون من الميت أشياءً لا يقدر عليها وهو حي.

وقد شبه الله – جل ثناؤه – من يفعل ذلك بالعنكبوت في اتخاذها البيت الواهي الذي لا يقيها من حر ولا مر ولا يدفع عنها عدواً.

وحسبك أن تقرأ تفصيلهم في ثنايا هذا الكتاب وصلى الله على مبعوث رحمة للعالمين.

وكتبه: أبو المنذر خليل بن إبراهيم أمين

الرياض في 3 / 1 /1426 هجري

بسم الله الرحمن الرحيم

# بېغىشلىما

يېگـــــانە الله تائالاغـــــا ھەمدۇســـــانا ئېيتقانـــــدىن كېيىن:"ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى" ماۋزۇلۇق كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم. ئـــۇ، شـــېرىكتىن ئاگـــاھلاندۇرۇش، مۇشـــرىكلارنىڭ گـــۇمانى قاراشلىرىغا رەددىيە قايتۇرۇش، مۇشرىكلارنى نە سوغۇق، نە ئىسســـىققا دال بولالمايـــدىغان، دۈشـــمەننى توســـالمايدىغان، ھېچنېمىگـــە ئەرزىمەيـــدىغان بىـــر تورنـــى ئـــۆي قىلىۋالغـــان ئۆمۈچۈككە ئوخشـــىتىش ۋە ئوخشاشـــلىق تەرەپـــلىرىنى بايـــان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تائالاغا ھەمدۇلەر بولسۇنكى، مەن بۇ كىتابنىڭ تېمىسى ياخشـــى، ئۇســـلۇبى روشـــەن، دەلىـــل ـ پـــاكىتلىرى كۈچلـــۈك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. الله تائـالادىن بـۇ كىتابنىـڭ پـايدىلىق بولۇشـــىنى، يازغۇچىســـىغا ئـــەڭ كاتتـــا ســـاۋابلارنى بېرىشـــىنى تىلەيمەن.

پـــەيغەمبىرىمىز مۇھەممـــەد ئەلەيھىســـسالامغا، ئائىلـــە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە سالاملار بولسۇن!

يازغۇچىسى

سالىھ ئىبنى فەۋزان ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلفەۋزان

سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى

12 /11 /1423 ـ ھ

## بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كىتابچە كىم ئۈچۈن؟

يېگانە الله تائالاغا ھەمدۇسانا، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگە دۇئا ۋە سالاملار يوللىغاندىن كېيىن:

ئى الله نىڭ دوستى!

بۇ سۆزلىرىمنى ساڭا بېغىشلاپ، ئۇ ئارقىلىق چۈشەنچىلىرىڭگە ئۈمىد ۋە ئىنتىلىش تارقىتىمەن. سېنىڭ ئۈنىڭغا بولغان سۆيگۈڭ ئارقىلىق الله تائالاغا يېقىنلىشىمەن. بۇ سۆيگۈ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى دائىرىسىگە كىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەر ۋە شەھىدلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەر بار“ دېگەندە، ئۇلار كىم، ئۇلارنى ياخشى كۆرەيلى، - دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ياكى نەسەب يېقىنلىقى بىلەن ئەمەس، الله نىڭ نۇرى بىلەن ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېھرلىرى نۇرلۇقتۇر، نۇردىن ياسالغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە

ئۆلتۈرىدۇ. كىشىلەر قورققاندا قورقمايدۇ، قايغۇرغاندا قايغۇرمايدۇ". ـ دەپ جاۋاب بەردى.[1]

بۇ كىتابچىدا بۇرۇن بىلىشمەيدىغان، تۇغقاندارچىلىق باردى ـ كەلدىسى ياكى ئارىسىدا سىلە رەھىم بولمىغان سىزدەك بىرى ئۈچۈن يازغان ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن الله تائالادىن ئەجىر كۈتىمەن. شۇنداق، گەرچە، دىيارىمىز، قېنىمىز يىراق بولسىمۇ، الله تائالانىڭ: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[2] دېگەن سۆزى قانىنى قانغا قېتىپ، مۇساپىلەرنى قىسقارتتى. نېمىشقا ئۇنداق ئەمەسكەن؟ سەن اللهنىڭ ساڭا بەرگەن ۋەدىسى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ۋە خاتىرجەمسەن. الله تائالا ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرغۇچى زاتتۇر: ﴿راستلا اللهنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللهنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر.ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر.ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، اللهنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ نېمەتلىك جەننەتكە

---

(1) "صحيح ابن حبان"، 573 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 232 ـ بەت. ھاكىمنىڭ "المستدرك" ناملىق كىتابى، 7318 ـ رەقەملىك ھەدىس، 4 ـ جىلد، 188 ـ بەت. ھاكىم بۇنىڭ ئىسنادى سەھىھ دېگەن. ئەبى يەئلانىڭ "المسند" ناملىق كىتابى، 6110 ـ ھەدىس، 10 ـ جىلد، 495 ـ بەت. بۇنىڭ ئىسنادىنى ھۇسەيىن ئەسەد سەھىھ، دەپ قارىغان.
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.

كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر﴾[1]

نېمىشقا ئۇنداق بولمىغۇدەك؟ كىمكى ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، ئۇ زىيان تارتىدۇ؛ چۈنكى، ئۇ الله تائالاغا قارشى دۇئىلغا چۈشكەن بولىدۇ. الله تائالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىمەن..."[2] يەنى ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە: "كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا ئازار بەرسە" دەپ كەلگەن بولسا، ئەبۇيەئلانىڭ مۇسنەدىدىكى مەيمۇنەنىڭ ھەدىسىدە: "ماڭا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ھالال سانىدى" دەپ كەلگەن. ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھنىڭ مەۋقۇف بىر رىۋايىتىدە: "كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا ئاھانەت قىلىدىكەن، ئۇ مېنى ئۇرۇش ئېچىش بىلەن قارشى ئالىدۇ." دەپ، ئەمما

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 62، 63، 64 - ئايەتلەر.

[2] ئۇزۇن بىر ھەدىسنىڭ بىر قىسمى. سەھىھۇل بۇخارى، 5 - جىلد، 2384 - بەتتىكى 6137 - ھەدىسكە قاراڭ! "صحيح ابـن حبـان" ، 347 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 58 - بەت. "مسـند أحمـد"، 26236 - رەقەملىك ھەدىس، 6 - جىلد، 56 - بەت. "مسـند أبي يعلـى"، 7087 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 520 - بەت. "سنن بيهقي" ۋە باشقىلار. ئىبنى ھەجەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: "تۇخى مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ ۋەلىلىرى (دوستلىرى) الله نى تائەت ۋە تەقۋالىق بىلەن دوست تۇتقان ئىكەن، الله تائالامۇ ئۇنى قوغدايدۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. الله تائالا دۈشمەننىڭ دۈشمىنىنى دوست، دۈشمەننىڭ دوستىنى دۈشمەن قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ دوستىنىڭ دۈشمىنى الله نىڭ دۈشمىنى، ئۇنى دۈشمەن تۇتقان كىشى گويا ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاچقان كىشىنىڭ ئۆزى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقان كىشى الله تائالا بىلەن ئۇرۇشقان بولىدۇ" ا .ھ - "فتح البـاري"، دىكى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىگە قاراڭ! 11 - جىلد، 432 - ئايەت.

مۇئازىنىڭ ھەدىسىدە: " ئۇ الله تائالاغا قارشى دۈشمەنلىك قىلغان ئادەم دۇئىلغا چۈشكەن بولىدۇ" دەپ، ئەمامە ۋە ئەنەسنىڭ ھەدىسىدە: "مەن بىلەن دۇئىلغا چۈشكەن بولىدۇ" دەپ كېلىدۇ .[1]

نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟ سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "كىچىككىنە رىيامۇ شېرىكتۇر. كىمىكى الله تائالانىڭ دوستلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، الله تائالاغا قارشى دۇئىلغا چۈشكەن بولىدۇ. الله تائالا يوق بولسا ئىزدەلمەيدىغان، ھازىر بولغاندا بىلىنمەيدىغان الله دىن قورقىدىغان، تەقۋا ۋە ياخشى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئۇلارنى ھەرقانداق زۇلمەتلىك قاراڭغۇدىن چىقىرىدىغان ھىدايەت چىراغلىرىدۇر ." دېگەن سۆزىدىكى رەھىمدىل زاتنىڭ دوستى تۇرساڭ!

نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن؟ سەن ئىسلام گويا دەسلەپ باشلانغان چاغدىكى غېرىب[2] ئەھۋالغا كېلىپ قالغان بۇ زاماندا غېرىبسەن. ھازىر ياخشىلىق يامانلىققا، سۈننەت بىدئەتكە، بىدئەت سۈننەتكە ئايلىنىپ قالدى. سەبىلەر شۇنىڭ

---

[1] ھاكىمنىڭ "المستدرك" ناملىق كىتابى، 4 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 44 - بەت. 5182 - رەقەملىك ھەدىس، 3 - جىلد، 303 - بەت. "سنن ابـن ماجـة"، 3989 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 1320 - بەت. تەبرانىنىڭ ئۈچ قامۇسى، شىھابنىڭ "المسند" ناملىق كىتابى ۋە باشقىلار.

[2] سەھىھ مۇسلىم ۋە باشقىلاردىكى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەدىسىدە ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئىسلام غېرىب ھالەتتە باشلانغان، يەنە شۇنداق غېرىب قايتىدۇ. ئەنە شۇ غېرىبلار بەختلىكتۇر. ئىبنى ئۆمەر ئۆزىنىڭ رىۋايىتىدە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككى مەسجىدنىڭ ئارىسىدا گويا يىلان ئۆزىنىڭ ئۆۋىسىغا سىقىلىپ كىرگەندەك سىقىلىپ يۈرىدۇ" سەھىھ مۇسلىمنىڭ 145، 146 - رەقەملىك ھەدىسلەرگە قاراڭ! 1 - جىلد، 130 - بەت.

بىلەن يېتىلىپ، چوڭلار ئۇنىڭ ئۈستىدە قېرىدى. ئىسلامنىڭ غېرىبلىقى چېكىگە چىقىپ، ئۆلىمالار كېمىيىپ، ئەخمەقلەر كۆپەيدى. نادانلىق يامراپ، ئىلىم ئازلاپ باردى.

ئىسلام ئەھلى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا غېرىب، مۆمىنلەر ئىسلام ئەھلى ئارىسىدا غېرىب، ئىلىم ئەھلى مۆمىنلەر ئارىسىدا غېرىب، سۈننەتنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن، بىدئەتتىن پەرقلەندۈرىدىغان كىشىلەرمۇ غېرىب، قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلىپ سۈننەتكە چاقىرىدىغانلار تېخىمۇ غېرىبتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.﴾[1]

سەن سىمايىڭ[2]دا، سىياقىڭدا، كىيىم ـ كېچەك... لىرىڭدە غېرىبسەن.

---

[1] ھۇد سۈرىسى، 116 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ بۇ غېرىپلىق ھەققىدە تولىمۇ نەفىس بىر سۆزى بار: ”ئۇلار دىنسىز بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇ ئۆز دىنىدا غېرىب، ئۇلار بىدئەتكە يېپىشىۋالغان بولغاچقا، ئۇ سۈننەتنى تۇتۇشتا غېرىب، ئۇلار ئەقىدىسىز بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇ ئەقىدىسىدە غېرىب، بىنامىاز بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇ نامىزىدا غېرىب، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى چىرىك، زالالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز يولىدا غېرىب، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقى ئوخشىمىغاچقا قېرىنداشلىقىدا غېرىب، ئۇلار بىلەن قىلغان سودا ئالاقىدە غېرىب، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئاساسەن سودا ئالاقە قىلىشىدۇ.
يېغىنچاقلىغاندا، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا غېرىب. ئۇ ئاۋامنىڭ ئارىسىدىن ھەمكارلاشقۇچى، يارىدەملەشكۈچى تاپالمايدۇ، ئۇ نادانلار ئارىسىدا ئالىمدۇر. بىدئەتچىلەر ئارىسىدا سۈننەتنى تۇتقۇچى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە بىدئەتكە چاقىرغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ يولىغا چاقىرغۇچى، ياخشىلىق

دۇنيالىق ئىشلىرىڭدا غېرىبسەن. ئۇنىڭ كېتىپ قالغىنىغا قايغۇرۇپ كەتمە! ئۇنى ئۆزۈڭگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچەپمۇ كەتمە!

ماڭغان يولۇڭدا غېرىبسەن. ئۇنىڭدا ماڭغۇچىلارنىڭ ئازلىقىدىن يالغۇزلۇق ھېس قىلما! قارشى چىققۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيۈسلىنىپمۇ كەتمە!

سەن كېچىلىرىڭدە غېرىبسەن. ئۇنىڭدىن قەلبىڭدە يىغلاپ، كۆزلىرىڭنى ياشلاش بىلەن، ھازىدار ئايالنىڭ ئاھىنى چېكىپ، ياربىدارنىڭ ئازابىنى تارتىپ تۇرۇپ زىكىر، تەسبىھ، اللّٰه نى مەدھىيىلەش، ئىستىغفار تەلەپ قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق پايدىلىنىسەن: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ)، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن.پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان

---

يامانلىققا، يامانلىق ياخشىلىققا ئالمىشىپ قالغان بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىدۇر.“ ، ”مدارج السالكين“، 3 - جىلد، 194 - بەتتىن 205 - بېتىگىچە بولغان يەرلەرگە قاراڭ!

جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن﴾[1]

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قەلبى دۇنيا بىلەن باغلانغان چاغدا، ئى قەلبى الله بىلەن يالغۇز قىلىش سۆيگۈسىگە چېتىلغان، بەختلىك ئىنسان ـ ساڭا مۇبارەك بولسۇن!

باشقىلار ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىنى باتىل ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن، ئازدۇرغۇچى ناخشا ـ مۇزىكىلاردىن ئىزدەۋاتقان چاغدا، ئى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىنى الله نىڭ كالامىدىن تاپقان ئىنسان، ساڭا مۇبارەك بولسۇن!

نۇرغۇنلىغان قەلبلەر (الله ئۆز پاناھىدا ساقلىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا) ھارام قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىش تاماسى ۋە ئالدامچى خىيالنىڭ پېيىغا چۈشكەن چاغدا، ئى قەلبى الله نىڭ جەننىتىنى ئارزۇ قىلىپ الله تەرەپكە سىغىنىش بىلەن ئۇچقان ئىنسان، ساڭا مۇبارەك بولسۇن!

ئەقىدە، تەۋھىد ۋە ئىبادەتنى يېگانە الله تائالاغىلا خالىس قىلىش بابىدا، سەن ھەقىقەتەن بىر ئىبسىل ئادەمسەن. ھەممە سېنىڭ سەبرەڭنى، چىدامچانلىقىڭنى ۋە بۇ يولدا سەرپ قىلغان مېلىڭنى، ئۇنىڭغا چاقىرىش ئۈچۈن چارچاشنى ۋە زېرىكىشنى بىلمەيدىغان روھ بىلەن قىلغان دەۋىتىڭنى ئوبدان بىلىدۇ.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 193، 194 ـ ئايەتلەر.

سەن ”يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەر“[1] تەرىپىدىن ساڭا قارىتىلغان ئەدەپسىزلىك، دىل ئازارى ۋە كولىغان ئورىلىرىغا پەرۋا قىلمىدىڭ. چۈنكى سەن، بۇنىڭ سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. بۇ ئۆز قەۋمىگە: ﴿ئى قەۋمىم! (يالغۇز) اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق﴾[2] دېگەن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا اللە تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «مەن پەقەت (يالغۇز) اللە غىلا ئىبادەت قىلىشقا، اللە غا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، (ئىنسانلارنى) اللە غا ئىبادەت قىلىشقىلا دەۋەت قىلىمەن، اللە نىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگىن﴾[3] دەپ بۇيرۇغىنىغا قەدەر ھەممىسىنىڭ تۇتقان يولى. ھۇد[4]، سالىھ[5]، شۇئەيب[6] ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋمىگە: ﴿اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللە دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾ دېيىشكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر

---

[1] ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ ساھىبلىرىنى كۆزدە تۇتىمەن.
[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى 23 - ئايەت.
[3] رەئد سۈرىسى، 36 - ئايەت.
[4] ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەئراف سۈرىسىنىڭ 65 - ئايىتىدىكى سۆزى.
[5] سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇد سۈرىسىنىڭ 61 - ئايىتىدىكى سۆزى.
[6] شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەئنئام سۈرىسىنىڭ 59 - ئايىتىدىكى سۆزى.

چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن.﴾[1] يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەن ئەجدادلىرىم، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ اللە نىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ.﴾[2]

سەن دۈچ كەلگەن ئەدەپسىزلىك، چېكىنىش، ئۆزىنى چەتكە تارتىش قاتارلىق ئىشلاردا ياردەمچىسىز قالمىدىڭ. چۈنكى سەن بۇنىڭ مۆمىنلەرنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. ئۇ سەندىن ئىلگىرىكى سالىھ ئەۋلىيالارنىڭ تۇتقان يولى. ئۇ پەرئەۋن دەۋرىدىكى مۆمىن، ئۇخدۇدقا مۇناسىۋەتلىك بالىدىن تارتىپ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىبنى تەيمىييەلەرگە قەدەر تۇتىشىدۇ، ئۇ يەنە ـ اللە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرلا مەۋجۇت بولىدىكەن ئىزچىل داۋاملىشىدۇ.[3]

ھەرقانداق قېيىنچىلىق سەن ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ، ساڭا بېرىلگەن ئازارلار كېتىپ قالىدۇ. سەن سەرپ قىلغان بارلىق كۈچۈڭنى پەقەت چەكسىز دەۋەت دېڭىزىغا قويۇلغان بىر بارماق مىقدارى ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. سەن يەنە

(1) زۇھرۇف سۈرىسى، 26 ـ ئايەت.
(2) يۇسۇف سۈرىسى، 38 ـ ئايەت.
(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”ئۈممىتىم ئىچىدە بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارغا سۈيىقەست قىلغۇچىلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار قىيامەتكە قەدەر شۇ مەيداندا چىڭ تۇرىدۇ.“ ، سەھىھ مۇسلىم، 1920، 1921، 1922، 1923 ۋە 1037 ـ رەقەملىك ھەدىسلەر ۋە باشقىلىرى.

اللّٰە تائالانىڭ پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى سۆزنى ئوقۇپ تۇرسەن: ﴿نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە ـ كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم. مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى.ئاندىن مەن ئۇلارنى تۈۋلاپ دەۋەت قىلدىم.ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم. (ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ.نېمە ئۈچۈن سىلەر اللّٰە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟﴾[1]

ئى سۆيۈملۈك ئىنسان! مەن سەندىن اللّٰە نىڭ پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىنى چاقىرىپ: ﴿نېمە ئۈچۈن سىلەر اللّٰە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟﴾ دېگەن سۆزنى قايتىلىشىڭنى، تەكرارلىشىڭنى سورايمەن.

---

[1] نۇھ سۈرىسى، 5 ـ ئايەتتىن 13 ـ ئايەتكىچە.

سەن ئۆز قەلبىڭدە ئۇلارغا خىتاب قىلىپ، ئەي كىشىلەر:

- ئۇ سىلەرنى ياراتقان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن سىلەر اللە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىسىلەر؟
- سىلەرنى رىزىقلاندۇرغۇچى اللە تۇرسا، نېمە ئۈچۈن سىلەر اللە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن باشقىسىغا شۆكۈر قىلىسىلەر؟
- نېمە ئۈچۈن سىلەر اللە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ياخشىلىقى سىلەرگە چۈشۈۋاتسا، ناچارلىقىڭلار ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرلەۋاتىدۇ.

ئاندىن سەن ئەبەدىيلىك كۆرەشنىڭ ئازابلىق نىهايىتىنى خىيال قىلغىنىڭدا كۆزلىرىڭدە ياشلار لىغىرلايدۇ. ئۇ اللە نىڭ دۈشمىنى ـ شەيتان، كىشىلەرنى جەھەننەم ئوتىغا ـ خۇدايىم ساقلىسۇن ـ ئېلىپ كىرىپ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بەلگىلەنگەن نىسۋىسىنى ئالغان كۆرەشتۇر: ﴿مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگەللەيمەن﴾[1]، ئۇنىڭ جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قېتىدا

[1] نىسا سۈرىسى، 118 ـ ئايەت.
سىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئايەتلەرنى، اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدىن باشلاپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ! : ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!. اللە ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ،

سۆزلىگەن خۇتبىسىنى ئاڭلىساڭ، ئازاب سېنى ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(شەيتان) «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى اللهغا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن،

---

بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) اللهنى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت اللهنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ.الله شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگەللەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن )، ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزرە قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم اللهنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئويدۇرۇشقا ئوخشاش)ئىشلارغا بۇيرۇيمەن». كىمكى اللهنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ. شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ.ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.﴾

شۇبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېيدۇ﴾[1]

ئۇلارنىڭ الله تائالادىن باشقا قۇتقۇزغۇچىسى ۋە پاناھگاھى بولمىغان بۇ ئازابلىق كېچىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھەسرەتلىنىپ، قايغۇرۇپ تۆككەن ئاشۇ ياشلار ئىككى مەڭزىدە دومىلاشقا باشلىدى.

- الله تائالا نىڭ: ﴿شۇبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزى كۆڭلۈمنى ئاچىدۇ.
- سەن ئۆزۈڭ ئارقىلىق كۆڭلۈمنى ئاچىسەن. چۈنكى سەن باشقىلار ئۆمۈچۈك ئۆيىگە كىرىۋاتقاندا، خاتىرجەم، ئەمىن بىر ئۆيگە كىردىڭ.

**سىنى الله يولىدا سۆيىمەن**

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

# ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى ) بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى). الله ئۇلار الله نى تاشلاپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىنى ئوبدان بىلىدۇ، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾[1]

تەپسىر ئەھلى بۇ ئايەتلەرنى تەئۋىل قىلغان چاغدا مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ، الله تائالانىڭ ئۆزىدىن باشقا تاش، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، تىرىك ياكى ئۆلۈككە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەۋلىيا تۇتۇپ، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەرگە قارىتا كەلتۈرگەن مىسالى. ئۇلار ئۇ نەرسىلەرگە دۇئا قىلىدۇ، ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ، ياردەم بېرىشنى، رىزقلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئېغىر كۈن ۋە ئاپەتلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇلارغا چىڭ ئېسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى گويا ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ۋە

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 41، 42، 43 - ئايەتلەر.

ئۇنىڭدا پاناھلىنىش ئۈچۈن ئۆي تۇتقان ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ. بۇ ئۆي ئۆمۈچۈكنى نە ئىسسىق، نە سوغۇق، نە يامغۇردىن ساقلىيالمايدىغان، ئۇنى دۈشمەندىن ھمايە قىلالمايدىغان، ھېچنەرسىدىن بىھاجەت قىلالمايدىغان قەتئىي پايدىسىز بىر ئۆي. ئۇنىڭدىن كېيىن، الله تائالا ئۆزىنىڭ قىلغۇاتقان ئىشلىرىنى، الله غا ئوخشىتىپ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى جازالايدۇ. الله تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر.[1]

---

[1] ئىبنى كەسىرنىڭ "قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى"، شەۋكانىنىڭ "الفتح القـدير"، "سەئدىنىڭ "تيسـير كـريم الرحمن"،

# ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىگە دائىر ئىلمىي مۆجىزىلەر[1]

ئەينى شەمس ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك پاكولتېتى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ۋە ھاشاراتشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور بامبىنىڭ بىر پارچە ئىلمى ماقالىسىنى[2] ئوقۇغان ئىدىم. ئۇنىڭدا ئۆمۈچۈك ئۆيى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆيىنى ياساش ئەھۋالى ۋە ئولجىلىرىنى تۇتۇشتىكى ئۇسلۇبى ئاساسىي تېما قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە بۇ ئايەتلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا قۇرئاننىڭ ئىسپاتلانغان ئىلمىي مۆجىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

دوكتور ماقالىنى الله تائالانىڭ: ﴿ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق - سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)﴾ دېگەن

---

[1] ئىلاۋە: شەيخ سالىھ ئەلفەۋزان ـ الله ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! ـ مۇنداق دېگەن:
ئىزدىنىش مۆجىزىلىرى دېيىلسە، ئىلمىي دېگەن سۆز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەر تەرەپلىملىك مۆجىزىلىرى بار:
1 ـ تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن.
2 ـ يۈز بەرگەن ۋە بېرىدىغان ئىشلانى ئىلمىي شەكىلدە ئۆز ئىچىگە ئېلىش.
3 ـ شەرىئەت ئەھكاملىرى جەھەتتىن.
4 ـ خاتالىششقا ئېلىپ بارمايدىغان ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىش ھۆكۈملىرى نوقتىسىدىن. ئەمما، بىرىنچى نوقتىدا خاتالىق يۈز بېرىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.
[2] بۇ، مايسە ئابدۇراھماننىڭ "ئىلىم دەۋرىدە ھەققانىيەت" ماۋزۇلۇق تەھقىقاتى بولۇپ، قاھىرەدىكى "ئەلئەھرام" گېزىتىدە مۇبارەك رامزان ئېيىدا ئېلان قىلىنغان. (ئۈچىنچى ھالقا)

ئايىتى بىلەن باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ﴿اتَّخَذَتْ ـ ئۆي ياسىغان﴾ دېگەن سۆزنى زىكىر قىلغان، بۇ ئايالللىققا دالالەت قىلىدىغان ت ھەرپى قوشۇلۇپ كەلگەن پېئىل بولۇپ، ﴿الْعَنكَبُوتِ ـ ئەنكەبۇت﴾ دېگەن ئەرلىككە دالالەت قىلىدىغان ئىسىمنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن.

شۇنداقلا قارىماققا ـ الله ئۇنىڭدىن پاكتۇر ـ ئايەتتە بىر خىل تىل ئىشلىتىش خاتالىقى باردەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

دوكتور مۇنداق دەيدۇ: تىل جەھەتتە توغرا بولغاندا[1]، ئىلمىي نۇقتىدىن خاتالىق يۈز بەرگەن بولىدۇ. ئەمما،ئۆمۈچۈك ۋە بارلىق كائىناتنى ياراتقان زاتنىڭ بۇنداق خاتالىق سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

ھاشارەتشۇناسلىق ئىلمى ۋە ئۆمۈچۈكنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلىك تەتقىقاتلار ئارقىلىق بىزگە تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەر ئايدىڭلاشتى:

بىرىنچى ھەقىقەت:

---

(1) تىلشۇناسلارنىڭ ئەنكەبۇت سۆزى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى ئەرلىككە ئىشلىتىلىدىغان پېئىل دېسە، يەنە بەزىلەر ئاياللىق پېئىل، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەنزۇر مۇنداق دېگەن: ئەنكەبۇت ئەرلىكمۇ، ئاياللىقمۇ دالالەت قىلىدۇ. قۇرتۇبى فەرراددىن ئۇنىڭ ئەرلىككە دالالەت قىلىدىغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇنۇ بېيىتىنى مىسال كەلتۈرىدۇ: گويا ئۆمۈچۈك ياسىغاندەك ئۆيلىرى بار ئۇلارنىڭ، سېلىنغاندۇر ئۇ ئۆيلەر چوققىسىغا تاغلارنىڭ. دېگەن بۇ بېيىتتىكى ئۆمۈچۈك ئىبارىسى ئەرەبچىدە ئەرلىككە دالالەت قىلىپ كەلگەن.
"لسان العرب" ، ئىبنى مەنزۇر، 1 ـ جىلد، 632 ـ بەت. "تفسير القرطبي" ، 13 ـ جىلد، 306 ـ بەتلەرگە قاراڭ!

ئەركــەك ئــۆمۈچۈك ئــۆي ياســياليمايدۇ. چىشــى ئــۆمۈچۈك قورســقىنىڭ ئارقــا تەرىپــىدىكى مەخســۇس مۇكىسى ئــارقىلىق ئۆي ياسايدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش مۇكا ئەركەكلىرىدە يوق.

**ئىككىنچى ھەقىقەت:**

چىشــى ئــۆمۈچۈك بــۇ ئــۆينى پــەقەت بالاغەتكــە يېتىپ، ئۆيلىنىشــكە ھازىرلىنىۋاتقانــدىلا بىنــا قىلىشــقا كىرىشــىدۇ. بــۇ ئـۆي يارىلىشــىدىنلا ئـۆي بىنـا قىلىشـقا قـادىر ئەمـەس ئەركـەك ئۆمۈچۈكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئامىل بولىدۇ.

**ئۈچىنچى ھەقىقەت:**

چىشــى ئــۆمۈچۈك ئــۆيىنى مەخســۇس گــېئومېترىيەلىك ۋە تېخنىكىۋىلىــك كېســىشــمىلەرنى ھاســىل قىلغــان يىپــلار بىلــەن توقۇپ چىقىدۇ. بۇ ئۆي ھەر قانداق تاشقى تەۋرىنىشكە قارىتا ئىنتايىن سەزگۈر بولىدۇ. بۇ يىپلار مول يېپىشقاق سۇيۇقلۇققا تويۇنغان بولۇپ، ئـۇنىڭ ئۈستى يـاكى يېنىـدىن ئۆتكـەن ھـەر قانداق ھاشارات چاپلىشىپ قالىدۇ. بۇ يىپلار ھاشاراتنى تاكى چىشى ئۆمۈچۈك كېلىپ، ئۇنى ئولجىغا ئالغانغا قەدەر قاماللاپ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

**تۆتىنچى ھەقىقەت:**

جۈپلىشــــش باســقۇچى تاماملانغانــدىن كېيىــن، ئەركــەك ئــۆمۈچۈك چىشىســىنى ھامىلــدار قىلىــدۇ، چىشــى ئــۆمۈچۈك

تۇخۇمنى تۇغۇش ئۈچۈن بىخەتەر، يىراق بىر جايغا كېتىدۇ. كېيىن ئەركەك ئۆمۈچۈك ئۆيدە خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ تۇرغان پەيتلەرنىڭ بىرىدە چىشى ئۆمۈچۈك ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يەۋېتىدۇ. بۇ يېيىش چوقۇم ئەمەلگە ئېشىشى لازىم. چۈنكى، تۇخۇمنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەرنىڭ تۇقۇلمىسى ئىنتايىن مۇھىم.[1]

تەتقىقاتچى ئۆز ئىزدىنىشلىرىدە يەكۈنلىگەن ھەقىقەتلەر بىزگە تۆۋەندىكى ئىشلارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ:

بىرىنچى: ئۆمۈچۈك ئۆيى قۇرۇلۇشى ۋە ئىنچىكە يىپلىرى بىلەن مۇتلەق ھالدا ئەڭ زەئىپ ئۆي. ئۇ تەۋىلچىلەرنىڭ ــ الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن! ـ ئېيتقىنىدەك، ئىگىسىنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلالمايدۇ، ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن ھىمايە قىلالمايدۇ.

ئىككىنچى: ئۆمۈچۈك ئۆيى مۇتلەق ھالدىكى ئەڭ ئاجىز ئۆي بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان قۇرۇت ياكى ھاشاراتلار ئۈچۈن قورۇلغان قاپقان، قىلتاقتىن باشقا نەرسە سانالمايدۇ.

ئۈچىنچى: ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكى ھېسسىي ئاجىزلىقلا بولماستىن، ئۇنىڭدا بىر مەنىۋى ئاجىزلىقمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئۆي

---

[1] ھەقىقەتلەرنى يۇقىرىقىدەك شەكلى بويىچە تىزىش تەتقىقاتنىڭ ئەسلىسىدە يوق.

ئەركەك ئۆمۈچۈك ئۇچۇن يالغان بىخەتەرلىك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھالاكىتى ئۆزى بىخەتەر دەپ قارىغان يەردە يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر الله دىن باشقا بىرىنى دوست تۇتقان كىشىلەر توپى بىلەن ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تولۇق ئوخشىتىش نۇقتىسىدا توختىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۇچۇن، الله نى قويۇپ، ئۆلۈكلەرنى دوست تۇتقان، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان، نەزىر بەرگەن ۋە الله دىن ئەمەس ئۇلاردىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئىبادەت قىلىدىغان پىرقىلەردىن ئېنىق ۋە روشەن نەرسە يوق.

بىز بۇ تېمىدا سۆزىمىزنى تۆۋەندىكى ئىشلارغا يىغىنچاقلايمىز:

1 ـ شېرىكنى سادىر قىلىشنىڭ خەتىرى ۋە الله تائالانىڭ مۇشرىكنى مەڭگۈ مەغپىرەت قىلماسلىقتىكى سىرى.

2 ـ قەبرە بېشىدا الله دىن باشقىسىغا قاراتقان ئىبادەتلەر.

3 ـ ئۇلار ئېسىلىۋالغان شەك ـ شۈبھىلەرنى يوققا چىقىرىلىشى.

4 ـ پاك شەرىئەتنى يولغا قويغان الله نىڭ تەۋھىدنى ھىمايە قىلىش ئۇچۇن كۆرسەتكەن قەبرە ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى.

5 ـ پاك شەرىئەتتىكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھېكمىتى.

6 ـ قەبرىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارنى گۇناھكار قىلىپ قويىدىغان نەرسە نېمە؟

7 ـ ئۇلار ئېسىلغان ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ غۇلاپ كېتىشى.

8 ـ ئاخىرىدا، ئۆمۈچۈك ئۆيى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى.

ئەمدى، ئومۇمىلىقتىن ئاددىيلىققا، يىغىنچاقلىقتىن تەپسىلاتقا قاراپ يول ئالايلى!

# قەبر بېشىدا قىلىنغان ئىبادەتلەردە شېرىكنىڭ يۈز بېرىشى توغرىسىدا

الله تائالا پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشنى، ئىبادەتتىگە بىرىنى شېرىك قىلماسلىقنى بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.الله سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىنا غا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى الله غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (الله نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر.﴾[1]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله غا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.﴾[2]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[3]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 21، 22 - ئايەتلەر.
[2] بەيىنە سۈرىسى، 5 - ئايەت.
[3] ئىسرا سۈرىسى، 23 - ئايەت.

كەلتۈرمەڭلار﴾[1]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[2]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "مەن ئېشەكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز! الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنى ۋە بەندىلەرنىڭ الله نىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى الله غا ئىبادەت قىلىش ۋە الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، شۇنداقلا بەندىنىڭ الله نىڭ ئۈستىدىكى ھەققى، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ئادەمنى ئازابلىماسلىق» دېدى."[3]

بۇخارىي ۋە مۇسلىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قايسى گۇناھ ئەڭ

---

[1] نىسا سۈرىسى، 36 - ئايەت.
[2] زارىيات سۈرىسى، 56 - ئايەت.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. سەھىھ بۇخارىي، 5912 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 175 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 30 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 58 - بەت.

ئېغىــر؟ ـ دەپ ســورىدىم. پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام: «سىــېنى ياراتقان الله قا بىر نەرسىنى ئوخشاش قىلىشىڭ...»[1]

الله غا ئىبــادەت قىلىــش: يــەنى، الله تائالاغا پــەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئەمىر قىلغان كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا ئارقىلىق بوي سۇنۇشتۇر.

ئىبنــى تەيمىييــە مۇنــداق دېگــەن: ”ئىبــادەت ـ الله ياخشــى كۆرگــەن، رازى بولغـــان ئاشـــكارا ـ يوشـــۇرۇن ئىبادەتلـــەرنى ئومۇميۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.“[2]

ئىسلامنىڭ ئەسلى قائىدىسى ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش بولغىنىدەك، ئىبادەتنىڭ ئەسلى قائىدىسىمۇ تىز پۈكۈش ۋە باش ئېگىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەممىسى شەرىئەتنىڭ تىزگىنىگە ئەسىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى ياخشىلىقنى بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش بىلەن چەكلەنگەن. ئۇنىڭغا قارشى ماڭغان، سەل قارىغان، پاسىقلىق، ئاسىيلىق قىلغان، تىزگىننى ھالاكەت ئازگىلىغا، شېرىك زۇلمىتىگە يېتەكلەيدىغان لەنەتكەردى شەيتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شەيتانغا ئەل

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. سەھىھ بۇخارى، 7082 - رەقەملىك ھەدىس، سەھىھ مۇسلىم، 86 - رەقەملىك ھەدىس.

[2] ”المموع الفتوى“، 10 - جىلد، 150 - بەت.

بولغاندىن كېيىن قەيەردە تۇرۇپ ياخشىلىق ئۈمىد قىلمىسۇن ئاقىۋىتى هالاكەت بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «سىلەرنى كېچىسى كۈندۈزگە ئوخشايدىغان بىر نۇر ئۈستىدە قالدۇردۇم. پەقەت هالاك بولغان كىشىلا ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ.»[1] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان (ئاندىن ئۇنىڭغا قارشى ماڭغان) كىشىلەرگە شەپقەت قىلىنمايدۇ. پەقەت الله غا ئاسىيلىق قىلىش، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى (ئۇلارنىڭ هەممىسىگە الله نىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولسۇن) نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى چىقىشتىن باشقا ئىشلاردا هالاكەت، خارلىق ۋە ۋەيرانچىلىق بولمايدۇ. پەيغەمبەرلەر الله نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچىلەردۇر. كۆرسەتمىلەرنىڭ نېگىزى يېگانە الله غا ئىبادەت قىلىش، الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، هىدايەت گۇمراهلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى الله دىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەهكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ

---

[1] هاكىمنىڭ "المستدرك" ناملىق كىتابى، 331 - رەقەملىك هەدىس، 1 - جىلد، 175 - بەت. ئىبنى ماجە، 43 - رەقەملىك هەدىس، 1 - جىلد، 16 - بەت. ئىمام ئەهمەدنىڭ مۇسنەدى.

www.munber.org

ســۆزلىرىنى) ئــاڭلاپ تۇرغۇچــىدۇر، (ئىشــلىرىنى) بىلىــپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[1]

الله تائالا بايان قىلغان ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە ئۆتمۈشــنىڭ خــەۋەرلىرىنى مــۇلاھىزە قىلىــپ كۆرگــەن كىشــلەر جىنايەتنىڭ چوڭلۇقى ۋە خەتەرنىڭ ھەجمىنى بىلەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا كۆپ ئوقۇيدىغان ئايەتلىرىمىز الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن ئىبارەت: ﴿(الله نىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴾[2]، ﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار﴾[3]، ﴿ئۇنى (يەنى توپان بالاسىنى) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[4]، ﴿بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴾[5]، ﴿(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.﴾[6]

قەلبى زېرەك كىشىنىڭ تەربىيە ئېلىشى، ئەقىللىق كىشىنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق مىساللار قۇرئان

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 256 ـ ئايەت.
[2] رەئد سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.
[3] ھەشر سۈرىسى، 2 ـ ئايەت.
[4] قەمەر سۈرىسى، 15 ـ ئايەت.
[5] شۇئەرا سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.
[6] ساد سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.

كەرىمدە ناھايىتى كۆپ. قۇرئان كەرىم ھەققىدە تولۇق پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى ئۇنىڭ يېگانە اللە تائالاغا بولغان ئىبادەت تەۋھىدى ئەتراپىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ بولسىمۇ ـ اللە تائالانىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى، ئىشلىرى ۋە سۆزلىرى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ياكى يېگانە اللە نىڭ ئىبادىتىگە چاقىرىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرىنى تەرك ئېتىشكە چاقىرىدىغان تەۋھىد، ياكى بۇيرۇش ۋە توسۇشتىن ئىبارەت، يەنى، بۇيرۇق ۋە ئىتائەتتە ئىزچىل بولۇش، توسقانلىرىدىن يېنىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، بۇ تەۋھىدنىڭ ھوقۇقى ۋە تولۇقلانمىسىدۇر. يەنە تەۋھىد ئەھلىنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى، مۇشرىكلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئازغۇنلۇقلىرى ۋە ئۇلار دۇچ كېلىدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، يەنى تەۋھىد ھۆكمىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالاردىن تەركىب تاپىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسى تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى، جازالىرى ۋە شېرىك، مۇشرىك ۋە ئۇلارنىڭ جازالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[1]

شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ناھايىتى كۆپ ساندىكى قەبرىگە ئىبادەت قىلغۇچىلار اللە نىڭ خالىس ھوقۇقىغا قوپاللىق ۋە يولسىزلىق بىلەن دەخلى تەرز يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىپ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى ياخشىلىقنىڭ يوللىرىدىنمۇ كەڭ

---

[1] ”مدارج السالكين“، ئىبنى قەييۇم ، 3 - جىلد، 450 - بەت.

قىلىۋەتتى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئەبەدىي قالدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ــ الله ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن ـ چوڭ شېرىككە دۇچار بولۇشتى ۋە ئۇلار الله غىلا لايىق بولغان نۇرغۇن ئىبادەتلەرنى الله دىن باشقىلارغا قارىتىشتى. الله دىن باشقىغا قاراتقان بۇ ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### 1 ـ دۇئا قىلىش ۋە ياردەم سوراش

ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز خوجايىنىدىن بىر نەرسە سورىمايدىغان، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدىغان، ئۇنىڭ ئالدىدا خارلانمايدىغان قۇلنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بىر قۇل بار دېيىلسە، ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر خەتەر ئالدىدا تۇرغان بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[1]، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، الله نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى

---

[1] غاپىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

تارتىدۇ﴾[1]، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) «مەن پەقەت (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا، الله غا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، (ئىنسانلارنى) الله غا ئىبادەت قىلىشقىلا دەۋەت قىلىمەن، الله نىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگىن﴾[3]، ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)﴾[4].

دۇئا ئىنتايىن يۈكسەك ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقۇچى زاتتىن باشقىلارغا قارىتىشقا بولمايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۈيۈك ئىبادەتنى بەدەۋى، دۈسۈقى، قەناۋى، جەيلانى، ئەيدارۇس.. قاتارلىق زېمىننىڭ شەرق ۋە غەربلىرىدە ئاللىقاچان قەبرە ئىچىگە كىرىپ كەتكەن

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 180 - ئايەت.
[2] نەمل سۈرىسى، 62 - ئايەت.
[3] رەئد سۈرىسى، 36 - ئايەت.
[4] بەقەرە سۈرىسى، 186 - ئايەت.

ئۆلۈكلەرگە قارىتىۋاتقان شۇ مازار پەرەستلەرگە قاراڭ! اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇنداق ئىشلاردىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿اللہ نى قويۇپ، ساختا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولمىغىن.ئەگەر اللہ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز اللہ دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر اللہ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، اللہ نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، اللہ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، اللہ (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر» (دېيىلدى)﴾[1]

اللہ تائالا ئىبادەت قىلىنغان ئۇ كىشىلەرنىڭ پەقەت بىر تۇرلۇك مەخلۇقاتى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نە ئۆزلىرى، نە باشقىلارغا پايدا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ نە رىزىق، نە ئۆلۈم، نە هاياتلىق بېرىشكە قادىر ئەمەسلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر اللہ نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن. ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋە

[1] يۇنۇس سۈرىتى، 106، 107 - ئايەتلەر.

ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن اللە غا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن)﴿[1] اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر﴾ دېگەن سۆزىدىن كېيىن ئۇلارغا دۇئا قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ اللە تائالا ئۇلارنى ئۆلۈك، ئاڭلىمايدۇ، ھېچقانداق نەرسىگە قادىر ئەمەس، دەپ خەۋەر بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ۋاستە قىلىش، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار (اللە غا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالىنى ھېچ ئەھەدى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى اللە دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.﴿[2]

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 194، 195 - ئايەت.
[2] فاتىر سۈرىسى، 13، 14 - ئايەتلەر.

الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلەر دۇئايىمىزنى ئاڭلايدۇ، دېگەن سۆزلىرىنى رەت قىلىپ، ھەتتا ئۇلار ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ قەتئىي ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، قۇرئان كەرىمدىكى باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقىي قىلىنىغان دۇئا الله غا قارىتىلىدۇ (يەنى ئىخلاس بىلەن قىلىنىغان دۇئانى الله ئىجابەت قىلىدۇ). كۇففارلارنىڭ الله نى قويۇپ، دۇئالىرىنى قاراتقان مەبۇدلىرى كۇففارلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئاغزىمغا سۇ چۈشسۇن دەپ (نېرىدىن) ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرىدۇ، (ئەمەلىيەتتە سۇ ئاڭلىمايدىغان، ھېس ـ تۇيغۇسىز نەرسە بولغاچقا) سۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا چۈشمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر﴾[1].

ھەممىنى بىلىپ سۆزلەيدىغان زات ـ الله تائالا بەندىلىرىگە پەقەت ئۆزىنىڭلا مۇشەققەتلىك، ئېغىر ئەھۋاللاردىن قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇھەممەد! بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى ـ ئاپەتلىرى) دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر الله بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ الله غا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر».

---

[1] رەئد سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.

ئېيتقىنىكى، ﴿(يالغۇز) الله سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ،ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغۇنۇڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي الله غا شېرىك كەلتۈرىسىلەر﴾[1] بۇ ئەھۋال دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزدا كېمىگە چىققان كىشىگە ئېنىق بىلىنىدۇ.

# قەبىر ئىگىلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغان كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

قىيامەت كۈنى، قىيامەت نېمە دېگەن دەھشەتلىك كۈن ـ ھە! مانا مۇشۇنداق قايغۇلۇق كۈندە، دۇئا قىلىنغان كىشى دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم ئەڭ كېرەكلىك بولغان چاغدا ئۆزى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرگەن چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار (دۇنيادا چوقۇنغان) بۇتلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلىرى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ؛ «شۈبھىسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ. شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ اللهغا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: «بۇتلار

[1] ئەنئام سۈرىسى، 63، 64 ـ ئايەتلەر.

بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن) يالغان ـ ياۋىداقلىرى يوقىلىپ چىقىدۇ﴿[1]

ئەنە شۇ ھەقىقەتلەر نامايان بولىدىغان بۈيۈك كۈندە، بۇرۇن يوق كىشىلەرنى كۆز ئالدىدا كۆرۈدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى يالغانچىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: بىز سىلەرنى الله نى قويۇپ بىزگە ئىبادەت قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇمىدۇق. الله تائالا بۇلاردىن خار ئادەملەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿الله نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.﴾[2]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن الله نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، الله نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى. ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى

---

[1] نەھل سۈرىسى، 86، 87 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەھقاف سۈرىسى، 5، 6 ـ ئايەتلەر.

مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.﴾[1]، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر.﴾[2]

بۇ مەنىدە، (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھۇزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بىراق ئىبرەت كۆپ، ئىبتىبار نىمە دېگەن ئاز ـ ھە!

## 2 ـ قۇربانلىق قىلىش

قۇربانلىق قىلىش ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى الله تائالادىن باشقىسىغا ئاتاش تەۋھىدكە زىت كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم ،قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»﴾[3]

بۇ ئايەت كەرىمەنىڭ مەنىسى، الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله دىن باشقىسىغا ئىبادەت

---

[1] مەريەم سۈرىسى، 81، 82 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 25 ـ ئايەت.
[3] ئەنئام سۈرىسى، 162، 163 ـ ئايەتلەر.

قىلىدىغان، الله دىن غەيرىگە قۇربانلىق قىلىدىغان ئەشۇ مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: مەن نامىزىم ۋە قۇربانلىقىمنى الله غا خالىس قىلدىم، ھاياتلىقىمدا قىلغان ۋە ئۆلگەن ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللىرىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى يېگانە الله ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق شېرىكى يوق. ئەنە شۇ ئىخلاس بىلەن مەن بۇ ئۈممەت ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسى بولدۇم. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن﴾[1] يەنى نامىزىڭ ۋە قۇربانلىقىڭنى الله غا خالىس قىلىپ، بۇ ئارقىلىق مۇشرىكلارغا قارشى مەيداندا تۇرغىن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق تۆت سۆزنى دەپ بەرگەن: «الله نىڭ نامىدىن باشقا نامدا مال بوغۇزلىغۇچىغا الله لەنەت قىلسۇن، ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت ئوقۇغۇچىغا الله لەنەت قىلسۇن، بىدئەتچىلەرگە پاناھلىق بەرگەن كىشىگە الله لەنەت قىلسۇن، زېمىننىڭ چېگرالىرىنى ئۆزگەرتكەن تاجاۋۇزچىلارغا الله لەنەت قىلسۇن.»[2]" الله نىڭ غەيرىگە قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت شېرىك ئىبادەتنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

[1] كەۋسەر سۈرىسى، 2 ـ ئايەت.
[2] سەھىھ مۇسلىم، 1978 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 1576 ـ بەت. سەھىھ ئىبنى ھىببان، ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ۋە نەسەئىنىڭ سۈنەنلىرىدىمۇ كەلگەن.

لەنىتىگە لايىق بولغان. لەنەت ـ الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش دېمەكتۇر.

تارىق ئىبنى شاھاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «بىر كىشى بىر چىۋىن سەۋەبى بىلەن جەننەتكە، بىر چىۋىن سەۋەبى بىلەن جەھەننەمگە كىرىدۇ». ئەسھابىلىرى: بۇ قانداق بولۇپ شۇنداق بولىدۇ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى كىشى بۇتنىغا قۇربانلىق قىلمىسا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر قەۋمگە توغرا كېلىپ قالدى. ئۇ قەۋم ئۇلارنىڭ بىرىگە: قۇربانلىق قىل، ـ دېيىشتى. ئۇ: مەندە قۇربانلىق قىلغۇدەك بىر نەرسە يوق، ـ دېدى. ئۇلار: چىۋىن چاغلىق بىر نەرسە بولسىمۇ قۇربانلىق قىل، ـ دېيىشتى. ئۇ بىر چىۋىننى قۇربانلىق قىلدى ۋە ئۇلار ئۇنى يولىغا ماڭغۇزىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەھەننەمگە كىردى. ئۇلار ئىككىنچىسىگە: قۇربانلىق قىل، ـ دېيىشتى. ئۇ: مەن الله دىن باشقا بىرىگە قۇربانلىق قىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىشتى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىردى.» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

چوڭ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەممىنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغۇچى زات

---

[1] "الكفاية في علم الرواية"، 1 ـ جىلد، 185 ـ بەت.

اللہ ئۆزىنىڭ غەيرىگە قان قىلىنىدىغان ياكى بۇرۇن قان قىلىنغان جايدا اللہ غا قان قىلىشتىن توسقان. سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ”بىر كىشى بەۋانە دېگەن جايدا بىر تۆگە قان قىلماقچى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يەردە جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇت بىر نەرسە بارمىدى؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ بايراملىرى ئۆتكۈزۈلگەنمىدى؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ياق، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نەزرىڭنى قىلغۇر، ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئۆزىدە يوق بىر نەرسىسى بىلەن قىلغان نەزىر ۋە اللہ غا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ قىلغان نەزرىدە مەنپەئەت يوق.»[1] مانا بۇلار، كىمكى اللہ تائالاغا اللہ نىڭ غەيرىگە قان قىلىنىدىغان بۇت ۋە قەبرىلەرنىڭ يېنىدا قان قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋاجىب بولغان بىر گۇناھنى سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 3 ـ نەزىر قىلىش

---

[1] سۈنەن ئەبۇداۋۇد، 3313 - رەقەملىك ھەدىس، 3 - جىلد، 238 - بەت. سۈنەن ئىبنى ماجە، 2130 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 688 - بەت. سۈنەن بەيھەقىي ئەلكۇبرا ، 19926 - رەقەملىك ھەدىس. مۇسنەد ئىمام ئەھمەد.

نەزىر اللە دىن باشقىسىغا قارىتىش جائىز بولمايدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى اللە نىڭ باشقىسىغا ئاتاش تەۋھىدكە زىت ئەمەلدۇر. بۇنىڭغا اللە تائالانىڭ مونۇ سۆزى دەلىل بولالايدۇ: ﴿نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار ياكى (اللە نىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار اللە ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ.﴾[1]

اللە تائالا بەندىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن قىلغان نەپىقە ۋە نەزىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇكاپات بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى نەزىرنىڭ اللە دىن باشقىغا بېرىسگە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنداق قىلىشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىبادەتلەرنى جايىدا ئورۇندىغان كىشىلەرنى ماختاپ اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ﴾[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئىتائەت قىلسۇن، اللە غا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاسىيلىق قىلمىسۇن.»[3]

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 270 - ئايەت.
(2) ئىنسان سۈرىسى، 7 - ئايەت.
(3) سەھىھ بۇخارى، 6318 - رەقەملىك ھەدىس، 6 - جىلد، 2463 - بەت. سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە، 2241 - رەقەملىك ھەدىس، 3 - جىلد، 352 - بەت.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن: ”كىمكى الله نىڭ غەيرىگە ئاتاپ قان قىلىدىكەن ئۇ مۇشرىك بولۇپ، الله نىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇ گويا الله نىڭ غەيرىگە سەجدە قىلغان بىلەن ئوخشاش.“[1]

شۇ نەرسە بىلىنىشى كېرەككى، قەبرە ئىگىلىرىگە يېقىنلىشىش، ئۇلاردىن ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، بالادىن قۇتۇلدۇرۇش، نېمەت بېرىلىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش، كېسەللىرىگە شىپا ئاتا قىلىشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق قەبرىلەرگە ئىبادەت قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ھارام قىلىنغان باتىل نەزىرلەردىن ئىبارەت. بۇ شەكسىزكى الله غا ئىبادەت قىلىشتا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مۇشرىكلار الله ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھارپايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا،قوي‌لاردىن) الله ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ الله ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن الله نىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، الله نىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى (مۇشرىكلار الله غا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە الله باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان

---

[1] ئىبنى تەيمىييەنىڭ ”پەتىۋالار توپلىمى“، 33 - جىلد، 123 - بەت.

ھەسسىسىدىن الله غا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلارنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى). ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ!﴾[1]

## 4 ـ پاناھلىق تىلەش

پاناھلىق تىلەش: ئىلتىجا قىلىش، پاناھ تارتىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ الله نىڭ غەيرىگە قارىتىش جائىز بولمايدىغان ئىبادەتلەردىن بولۇپ، ئۇنى الله غەيرىگە قارىتىش تەۋھىدكە زىت كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.﴾[2]

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردىن بىرى بىرەر ئادەمسىز ۋادىدا قونۇپ قالماقچى بولۇپ، قورقۇنچ ھېس قىلىپ قالسا، مۇشۇ ۋادىنىڭ خوجايىنى بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يامانلىق قىلىپ سېلىشىدىن پاناھلىق تىلەيمەن، دەيتتى. ئۇ بۇنىڭدىن جىننىڭ باشلىقىنى كۆزدە تۇتاتتى. جىن ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى كۆرگەندە ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتىدۇ، ئەندىشىگە سالىدۇ، ئالاقزادە قىلىدۇ.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 136 ـ ئايەت.
[2] جىن سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.

ئايەتنىڭ كۆرسىتىش نۇقتىلىرى: الله تائالا جىنلارنىڭ مۆمىنلىرى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ھەقىقتى ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى ۋە ئۇلارغا جاھىلىيەتتە قىلىدىغان بىر قاتار شېرىك ئىشلارنى خاتىرلەتتى، بۇلارنىڭ قاتارىدا الله نىڭ غەيرى بىلەن پاناھلىق تىلەش بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوللۇق پاناھلىق تىلەشنىڭ كەيپىياتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. خەۋلە بىنت ھەكىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ: "ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «كىمكى بىرەر ئورۇنغا چۈشۈپ، الله نىڭ مۇكەممەل سۆزلىرىگە سېغىنىش بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ھەتتا ئۇ كىشى مۇشۇ جايدىن كەتكۈچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان قىلالمايدۇ.»[1]

ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن يولغا قويۇلغىنى الله ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىدۇر. بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئورنىغا تولۇقلاپ بېرىلگەن ئەمەلدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلار الله نى دوست تۇتۇشنىڭ ئورنىغا، الله دىن باشقىلارنى ئەۋلىيا بىلىپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش، ئۇلارغا ئاتاپ قان قىلىش، ئۇلاردىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش، ئۇلارنىڭ قېشىدا قۇربانلىقلارنى قىلىپ، قان ئېقىتىش، چىراغ

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2708 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 2080 - بەت. سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە، 2566 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 150 - بەت.

يېقىش ۋە ئۇلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر تەرىپىدىن سادىر بولغان شېرىك ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ شېرىك ئەمەلنىڭ خەتىرى نېمە دېگەن ئېغىر - ھە؟! الله نىڭ مۇشرىكلارنى ئەبەدىي مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىدىكى سىر نېمە؟

## شېرىكنىڭ ئېغىرلىقى ۋە الله تائالانىڭ مۇشرىكنى مەڭگۈ مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا

شېرىك - مەيلى ئۇ شېرىك پەيغەمبەر بولسۇن، يېقىن پەرىشتە بولسۇن ياكى سالىھ ئەۋلىيا، گور، تاش ياكى دەرەخ بولىشىدىن قەتئىي نەزەر الله تائالانىڭ ئىلاھلىقى[1] ۋە رەببانىيىتىگە بىرسىنى شېرىك قىلىش دېمەكتۇر.

شېرىك گۇناھلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى، مۇتلەق خەتەرلىكى بولۇپ، كۆپىنچە تەۋھىد ئۇلۇھىييەدە يۈز بېرىدۇ. مەنىسى: ئىبادەتنىڭ مۇئەييەن تۈرلىرىنى الله نىڭ غەيرىگە قارىتىش دېگەن بولىدۇ. مەسىلەن، الله نىڭ غەيرىگە دۇئا قىلىش، ئۇنىڭغا چوقۇن چاغلىق بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ قان قىلىش، ئۇنىڭغا تۇخۇم چاغلىق بىر نەرسىنى ۋەدە قىلىش، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يامانلىق يېتىپ قالىدۇ دەپ قورقۇش، الله دىن باشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدىغان ئىشلاردا الله نىڭ غەيرىدىن

---

[1] تەۋھىد كىتابى، شەيخ سالىھ ئەلفەۋزان، 9 - بەت.

پايدا ـ زىيان ئېلىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىش ياكى بولمىسا ئۇنى گويا الله نى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش... قاتارلىقلارغا ئوخشاش. دەۋرىمىزدە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مازارلىقلاردا يۈز بېرىدۇ.

**شېرىكنىڭ خەتەرلىك تەرەپلىرى:**

**1 ـ الله تائالا تەۋبە قىلمىغان مۇشرىكنى مەغپىرەت قىلمايدۇ.**

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾[1]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دىۋان (نام ئەمەلنى خاتىرىلەيدىغان دەپتەر ـ ت) ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: الله ئۇنىڭدىن

[1] نىسا سۈرىسى، 48 ـ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 116 ـ ئايەت.

ھېچ نەرسىنى كەچۈرۈم قىلمايدىغان دىۋان، الله تائالا بەك قاراپ كەتمەيدىغان دىۋان ۋە الله تائالا ئۇنىڭدا ھېچ نەرسىنى قالدۇرۇپ قويمايدىغان دىۋان. ئەمما الله تائالا ھېچ نەرسىنى كەچۈرمەيدىغان دىۋان بولسا الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾...»[1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ؛ الله تائالا بوش قويۇۋەتمەيدىغان زۇلۇم، الله مەغپىرەت قىلىدىغان زۇلۇم، الله مەغپىرەت قىلمايدىغان زۇلۇمدۇر. الله تائالا مەغپىرەت قىلمايدىغان زۇلۇم شېرىك بولۇپ، الله ئۇنى كەچۈرمەيدۇ...»[2]

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "راستچىللارنىڭ ئەڭ راستچىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن: «كىمكى، بىر ياخشىلىقنى مەيدانغا كەلتۈرسە ئۇنىڭغا ئۇ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى ئون ھەسسە كۆپەيتىپ

[1] ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ناملىق كىتابى، 8717 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 619 - بەت. ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد ناملىق كىتابى، 26073 - رەقەملىك ھەدىس، 6 - جىلد، 240 - بەت.
[2] تەيالىيسىنىڭ مۇسنەد ناملىق كىتابى، 2109 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 282 - بەت. ئابدۇررازاقنىڭ مۇسەننىپى، 20276 - رەقەملىك ھەدىس، 11 - جىلد، 183 - بەت.

بېرىمەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆپەيتىپ بېرىمەن. كىمكى، بىر يامانلىقنى كەلتۈرسە بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇ بىر يامانلىققا تۇشلۇق بولىدۇ ياكى مەغپىرەت قىلىمەن. كىمكى، ماڭا شېرىك كەلتۈرمەيلا زېمىن توشقىچە خاتالىق بىلەن دەرگاھىمغا كەلسە مەن ئۇنىڭغا شۇ زېمىن توشقىچە مەغپىرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن»“[1] ھاكىم بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى سەھىھ دېگەن.

ئەبۇزەر ئەلغىفاري رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بەندىسىنى پەردىلىنىپ قالمىغان بولسىلا كەچۈرۈۋېتىدۇ». ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! پەردىلىنىش دېگەن نىمە؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىنىڭ مۇشرىك ھالدا ئۆلۈشى» دەپ جاۋاب بەردى.[2] ھاكىم بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سەھىھ دەپ قارىغان.

تەبرانىنىڭ "المعجم الكبير" ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دېدى: كىمكى مېنىڭ

---

(1) ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ناملىق كىتابى، 7605 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 269 - بەت. ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد ناملىق كىتابى، 21353، 21406، 21544 - رەقەملىك ھەدىسلەر.

(2) ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ناملىق كىتابى، 7660 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 286 - بەت. ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد ناملىق كىتابى، 21562 - رەقەملىك ھەدىس، 5 - جىلد، 174 - بەت.

گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى بىلدىكەن، ماڭا شېرىكلا كەلتۈرمىگەن بولسا ئۇنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم.»[1]

ئەللامە ئىبنى قەييۇم ـ الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ مۇنداق دېگەن: "تەۋھىدنى شېرىك بىلەن خۇنۇكلەشتۈرمىگەن خالىس تەۋھىد ئەھلىدىن خالىس تەۋھىد ئەھلى بولمىغانلاردىن كەچۈرۈلمەيدىغان ئىشلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. الله نى بىر دەپ تونۇيدىغان كىشى الله تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا پەرۋەردىگارى بىلەن يەر يۈزى توشقۇدەك گۇناھ بىلەن ئۇچراشقان بولسىمۇ الله ئۇنىڭغا يەر يۈزى توشقۇدەك مەغپىرەت بىلەن كېلىدۇ. تەۋھىدى مۇكەممەل بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنداق بولمايدۇ. شېرىك ئارىلاشمىغان خالىس تەۋھىد تەۋھىد بىلەن گۇناھ بىرگە تۇرمايدۇ؛ چۈنكى ئۇ، الله تائالانى سۆيۈش، ھۆرمەت قىلىش، ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭدىن قورقۇش، گەرچە زېمىن توشقىچە گۇناھ بولسىمۇ ئۇنى يۇيۇش ئۈچۈن يەقەت الله دىنلا ئۈمىد كۈتۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەينەتچىلىك داۋاملىق ئۇچراپ تۇرسىمۇ، تەۋھىد ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر."[2]

---

[1] تەبرانىنىڭ "المجم الكبير" ناملىق كىتابى، 11615 ـ رەقەملىك ھەدىس، 11 ـ جىلد، 241 ـ بەت.
[2] ئىبنى قەييۇمنىڭ "ۋغاڭە اللهفان" ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 70 ـ بەت.

2 ــ مۇشرىك جەننەتكە كىرمەيدۇ، جەھەننەمدە ـ الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ـ مەڭگۈ قالىدۇ:

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملار غا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ » دېدى﴾[1]

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: "يەنى ئۇنىڭغا جەھەننەمنى ۋاجىپ، جەننەتنى ھارام قىلدى." سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى كىشىلەر ئارىسىغا ئەۋەتىپ "جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان" يەنە بىر ئىبارىدە "مۆمىن كىشىلەرلا كىرىدۇ" دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇغان.[2]

سەھىھ بۇخارىي ۋە سەھىھ مۇسلىمدا ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جەھەننەمگە كىرىدۇ.» مەن (بۇ رىۋايەت

---

[1] مائىدە سۈرىسى، 72 ـ ئايەت.
[2] ئىبنى كەسىرنىڭ "قۇرئان كەرىم تەپسىرى" ناملىق تەپسىرى، 1 ـ جىلد، 111 ـ بەت.

قىلغۇچىنىڭ كۆز قارىشى): كىمكى اللە غا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتسە ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، - دېدىم.[1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا جەھەننەم ئەھلىنىڭ ئەڭ ئازابى يەڭگىللىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر سېنىڭ بولسا، ئۇنى دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېرىۋېتەمتىڭ؟ ئۇ: ھەئە، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. اللە تائالا: مەن سەندىن سەن ئادەمنىڭ ئۇمۇرتقىسىنىڭ ئىچىدە چېغىڭدا ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان بىر ئىشنى، يەنى ماڭا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭنى ۋە سېنى جەھەننەمگە سالماسلىقنى سورىغان ئىدىم... بىراق سەن شېرىكتىن باشقىنى رەت قىلدىڭ، دەيدۇ»[2]

3 - شېرىك بارلىق ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ :

يەنى ئەمەللەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ، يوققا چىقىرىۋېتىدۇ؛ اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى﴾[3]

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس؛ بۇخارىي، 1181 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 417 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 92 - رەقەملىك ھەدىس، 11 - جىلد، 94 - بەت، ئىبنى نۇمەير ۋە باشقىلارنىڭ ھەدىسىدىن.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، بۇخارىي، 3165 - رەقەملىك ھەدىس، 3 - جىلد، 2131 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 2805 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 2160 - بەت.

[3] ئەنئام سۈرىسى، 88 - ئايەت.

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: «ئەگەر سەن اللەغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز اللەغا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھى قىلىندى﴾[1]

ئايەتتىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىككە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە شەۋكانى مۇنداق دېگەن: "بۇ سۆز پەيغەمبەرلەردىن باشقىلارغا ئىشارەت قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان؛ چۈنكى الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى شېرىكتىن پاك قىلغان؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئاشۇنداق شېرىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەن يەردە، باشقىلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ شېرىككە دۇچار بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.[2]

4 ـ شېرىك چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى:

بوخارى ۋە مۇسلىمدا كەلگەن ئەبى بەكرەنىڭ ھەدىسىدە دادىسى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بىز: شۇنداق قىلسىلا ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!

---

(1) زۇمەر سۈرىسى، 65 - ئايەت.
(2) شەۋكانىنىڭ "فەتھۇل قەدىر" ناملىق ھەدىس كىتابى، 4 - جىلد، 675 - بەت.

دىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «الله غا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش » دېدى...»[1]

يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسىدە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن: مەن الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئېغىر گۇناھ قايسى؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: « سېنى ياراتقان زاتقا بىر نەرسىنى ئوخشاش قىلىۋېلىشىڭ ... »دېدى.[2]

يەنە بىر رىۋايەتتە: قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: « ياراتقان زاتقا بىر نەرسىنى ئوخشاش دەپ بىلىشىڭ... »

ئىمام مۇسلىم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: "شېرىكنىڭ ئەڭ قەبىھ گۇناھ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى باب" نى يېزىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بابتىكى ھەدىسلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## شېرىكنىڭ بۇ قەدەر خەتەرلىك بولۇشىدىكى سىر نېمە؟

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، بۇخارىي 2511 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 939 - بەت. 5631، 5632 - رەقەملىك ھەدىس. مۇسلىم، 87 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 91 - بەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارىي 4207 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 1626 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 86 - رقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 90 - بەت.

يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان كىشى ھەيران قالارلىق ئىشلارنى بايقايدۇ. الله غا شېرىك كەلتۈرگەنلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتلار، ئاگاھلاندۇرۇشلار، تەھدىتلەردىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن جىددى ۋە خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكى مۇشرىكنىڭ جەھەننەم ئوتىدا ـ الله ئۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ـ الله تائالا ۋەدە قىلغاندەك مەڭگۈ قىلىنىشىدۇ .

جەھەننەمنىڭ ھارارىتى ئۆتكۈر، ئۆزى ئىنتايىن چوڭقۇر، تۆت ئەتراپى ئىنتايىن تار، يوللىرى قىس ـ قىستاڭ، خەتىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىزدۇر، ئۇنىڭغا مەھكۇم بولغانلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭ يالقۇنلىرى لاۋۇلدايدۇ، ئىچىملىكلىرى زەققۇمدىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئورنى دوزاخ بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇئەككەل پەرىشتىلىرى ئۇلارنى باستۇرىدۇ، جەھەننەم ئۇلارنى بىر يەرگە توپلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئامانلىقى ھالاكەت بولۇپ، ئۇلارنى ئۇ يەردىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى كۆكۈلىرى بىلەن باغلانغان، چېھرىلىرى شېرىك ۋە گۇناھلارنىڭ زۇلمىتى بىلەن قارىداپ كەتكەن. ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تۇرۇپ ۋارقىرايدۇ: ئى بارلىق ئىشلارنىڭ ئىگىسى! بىزگە تەھدىتلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى، ئى بارلىق ئىشلارنىڭ ئىگىسى! بىزنىڭ تىرىلىرىمىز پىشىپ قالدى، ئى بارلىق ئىشلارنىڭ ئىگىسى! بىزنى بۇ يەردىن چىقارغىن، بىز ئۇنىڭغا ئەمدى قايتمايمىز. ئۇلار پەقەت الله تائالانىڭ مۇنۇ

ئايەتلىرىگە بىۋاپالىق قىلغانلاردۇر: ﴿اللّٰه ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خار ھالدا قېلىڭلار، (ئۇستۇڭلاردىن ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ھەققىدە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار». شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن» دەيتتى. ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى (يەنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار)، سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار. (سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾[1]

ئۇلارنىڭ نادامەتلىرى تۈگىمەيدۇ، ئەپسۇسلىنىشى ئېشىپ بارىدۇ. لېكىن ئۇلارنى نادامەت قۇتقۇلدۇرالمايدۇ، ئەپسۇسلىنىش ھېچنەرسىگە كار قىلمايدۇ، ئوتتا قايناپ قېلىۋېرىدۇ، ئاستىدا، ئۈستىدە، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئوت بار، ئۇلار ئوتقا غەرق بولغاندۇر. ئۇلار شۇ ئوت پارچىلىرى ئىچىدە يۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆينىكى قارامايدىن بولىدۇ. ئىلغۇلار بىلەن ئۇرۇش، زەنجىرلەرنىڭ ئېغىرلىقى، ئۇلارنى گويا قازاندا قاينىغاندەك قاينىتىدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە گۇمرانلىق بىلەن چاقىرىدۇ.

[1] مۆمىنۇن سۈرىسى، 108 ـ ئايەتتىن 111 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۇستىدىن كۆيدۈرگۈچى قىزىق سۇلار قويۇلىدۇ، ئۇ سۇ ئۇلارنىڭ تېرە ۋە قورساقلىرىنى ئېرىتىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن تۆمۈردىن ئىلغۇلار بولىدۇ، ئۇنىڭ مېڭىسى تىتىۋېتىلىدۇ، ئۇ يەردىن يىرىڭلار ئېتىلىپ چىقىدۇ، جىگەرلەر ئۈسسۈزلۇقتىن پارچىلىنىپ كېتىدۇ، كۆزلەرنىڭ قارىچۇقلىرى ئېقىپ كېتىدۇ، چىرايلارنىڭ گۆشلىرى ئاجراپ چۈشىدۇ. ئۈزلۈكسىز بولۇۋاتقان بۇ ئازابلار سەۋەبىدىن ئۆلۈك باشقىلارنىڭ ئۆلمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئازابلىرى يەڭگىللەنمەستىن ئۇلار ئۇنىڭدا ئەبەدىي قالىدۇ. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! ئۇنىڭدىن بىزنى سالامەت قىلىشىڭنى، بىزگە كەڭچىلىك ۋە كەچۈرۈم قىلىشىڭنى سورايمىز.

بۇ بەندىنى نەچچە يۈز مىڭ يىللىق، بەلكى مەڭگۈلۈك بۇنداق ئېزچىل ئازابتا قالدۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى نېمە؟

سەۋەب: الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئوخششى ۋە مىسالى بار دەپ قاراش ـ الله ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن! ـ.

مەسىلەن، بىر گۇناھقا ئون يىل، يىگىرمە ھەتتا ئىككى يۈز يىل ئازابلايدىغان يەردە، مۇشرىكنى ئوتتا مەڭگۈ قالدۇرۇشنىڭ سىرى نېمە؟

ئۇنىڭ سىرى الله تائالانىڭ مونۇ سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى﴾[1]

بۇ كەڭ كەتكەن كائىناتتىكى ئاسمانلار، زېمىن، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، بۇلۇت، تاغلار، ئورمانلىقلار، دېڭىزلار، دەرەخلەر، ئۆسۈملۈك... قاتارلىق بارلىق نەرسىلەرنى الله تائالا ئادەم باللىرى ئۈچۈن ياراتتى.

قۇياش ئىسسىتىش ۋە نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاي ھېساب ۋە يورۇتۇش ئۈچۈن، بۇلۇت زىرائەت ئۈچۈن، ئۆسۈملۈكلەر يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە دورا ـ دەرمەك ئۈچۈن، ھاۋا، بايلىقلار، بېلىقلار، قۇشلار، ھايۋانلار ۋە ۋەھشىي يىرتقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ئەۋلادى ئۈچۈن ياراتتى. كائىناتنىڭ ھەممىسى (ئاستى ـ ئۈستى) ئادەم باللىرى ئۈچۈن يارىتىلغان: ﴿الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى﴾[2]

### ئىنساننى يارىتىشتىكى ھېكمەت نېمە؟

ھېكمەت ـ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[3]، ﴿اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن

[1] بەقەرە سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 29 ـ ئايەتلەر.
[3] زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت.

(يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار﴾[1] يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[2]

دېمەك، الله تائالا بارلىق كائىناتنى ئىنسان ئۈچۈن ياراتتى. ئىبادەتتە يەقەت الله تائالانى يېگانە دەپ تونۇش ئۈچۈن ياراتتى. يەنى بارلىق كائىناتنى يېگانە، شېرىكسىز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. كىمكى الله تائالانىڭ رەببانىيىتى ۋە ئۇلۇھىيەتىگە ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرىنى شېرىك كەلتۈرسە، ئۇ گويا بۇ كائىناتنىڭ ھەممىسىنى بىتچىت قىلغان، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى ھېكمىتىگە قارشى چىققان، ئۇنى رەت قىلغان، ئىنكار قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جازاسى ئۇ ئۆتكۈزگەن جىنايەتكە مۇناسىپ بولىدۇ. يەنى ئۇ جەھەننەمدە ئەبەدىي قالىدۇ، ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇنى ئەبەدىي كەچۈرمەيدۇ. بىز دۇنيا ئەھلىدىن بىرسىنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولۇپ كەتسە ئۇنى ئازابلانغانلىقى ۋە مۇددەتسىز جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈمىزغۇ !؟

## قەبرە ھەققىدىكى شەرئى چەكلىمىلەر

[1] نەھل سۈرىسى، 36 - ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 25 - ئايەت.

قەبرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىتنىنىڭ زورلىقىدىن پاك زات الله قەبرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چەكلىمىلەرنى تۈرغۈزدى؛ بۇ تەۋھىد ۋە بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن بۇ مىللەتنىڭ ئەسلى پرىنسىپىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن تۈرغۈزۇلدى. بۇ بۇيرۇقلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ قەبرىلەرگە مەسجىد بىنا قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا:

ئىسلام دىنىدا قەبرە بىلەن مەسجىد بىر يەرگە كەلمەيدۇ. الله غا ئىبادەت قىلىش، تەۋھىدكە بولغان ئىخلاس بىلەن چىقىشالمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مەسجىدلەر الله غا خاستۇر، الله غا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار﴾[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كېسەل بولۇپ ياتقان چېغىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن لەنەت قىلدى.» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ قەبرىسى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان قىلىنغان بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر

---

[1] جىن سۈرىسى، 18 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام قەبرىسىنىڭ مەسجىد قىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن؛ ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىشۇېلىشقان.»[2]

● ئائىشە ۋە ئىبنى ئابباس (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن)لاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات پەيتى كەلگەن يۈزىگە كىيىمنى تاشلىۋېلىپ: «اللە يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن؛ ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى» دېگەچ جان تالىشىۋاتاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، دەيدۇ.[3]

● جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەجەلي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى مۇنداق بەش ئىشنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «.. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر پەيغەمبەرلىرى ۋە سالىھ كىشىلىرىنىڭ

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارى، 1265 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 446 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 529 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 376 - بەت.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، سەھىھۇل بۇخارى، 426 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 168 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 530 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 376 - بەت.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، بۇخارى، 3267 - رەقەملىك ھەدىس، 3 - جىلد، 1273 - بەت. مۇسلىم، 531 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 377 - بەت.

قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋېلىشقان، سىلەر قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار؛ مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن توسىمەن.»[1]

● ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا، بەزى ئاياللىرى ھەبەشىستاندىكى ”مارىيە“ دېيىلىدىغان بىر چېركاۋنى ئەسكە ئېلىشتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكى، تەسۋىرىنى خاتىرىلەشتى. ئائىشە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئەگەر ئارىسىدا بىر سالىھ كىشى بولسا ئۇنىڭ قەبرىسىگە مەسجىد ياسايدۇ، ئاندىن ئاشۇ سۈرەتلەرنى سىزىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر.»[2]

● ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن مەرفۇئ ھالەتتە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختسىزلىرى قىيامەت بولغاندا ھايات قالغان ۋە قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالغان كىشىلەردۇر.»[3]

قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە تۆت مەزھەپ بىرلىككە كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنى چوڭ گۇناھ

---

(1) سەھىھ مۇسلىم 532 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 377 - بەت. سەھىھ ئىبنى ھىببان، 6425 - رەقەملىك ھەدىس، 14 - جىلد، 334 - بەت.

(2) سۇنەن بەيھەقى ئەلكۇبرا، 70/2 - رەقەملىك ھەدىس، 4 - جىلد، 80 - بەت. بۇنى ئىبنى ئابدۇلبىر ”التمهيد والإستذكار“ ناملىق كىتابىدا، ئالبانى ”اتحاف المساجد“ ناملىق كىتابىدا تىلغان ئالغان.

(3) سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە، 789 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 6 - بەت. سەھىھ ئىبنى ھىببان، 6847 - رەقەملىك ھەدىس، 15 - جىلد، 260 - بەت.

دەپ سانىغانلارمۇ بار. يەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى ــ الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن! ـ ئۆزىنىڭ "تحــذير الســاجد مــن اتخــاذ القبــور مســاجد" ناملىق كىتابىدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خىلى ئۇزۇن شەكىلدە نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئەنە شۇلارغا مۇراجىئەت قىلىنسا بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1 ـ قەبرىلەرگە مەسجىد بىنا قىلىشتىن توسۇلغانلىقى.

2 ـ ئۇنداق قىلغانلارغا لەنەت قىلىنغانلىقى.

3 ـ ئۇلارنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بەختسىز كىشىلەر ئىكەنلىكى.

4 ـ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ يەھۇدىي، خرىستىئانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشىتىلغانلىقى.

5 ـ ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلىشى.

نامازنىڭ الله تائالاغا يېقىنلىشىشتىكى ئەڭ كاتتا ئەمەل ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىراق، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات شېرىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قەبرە ھەققىدە يۇقىرىقىدەك كەسكىن چەكلىمىلەرنى بەلگىلىدى. مازارچىلار ئەتراپىدا گۈمىراھلىق ئىزدەپ يۈرگەن بەزى نۇقتىلاردا ئوخشاشلىق

بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئېنىق ھەدىسلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ھېكايە قىلىپ ئولتۇرۇش ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

2 ـ مازارلارغا سەپەر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پائالىيەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقى:

ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆيلىرىڭلارنى قەبرە قىلىۋالماڭلار، قەبرەمنى بايرامگاھ قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت يوللاڭلار؛ سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار دۇرۇتىڭلار ماڭا يېتىدۇ.»[1]

مۇسنەدتىكى ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق ئىبارىمۇ بار: «(زىيارەت قىلىمىز دەپ) قەبرەمنى ھېيت بولغاندەك قىلىۋەتمەڭلار. ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار. قەيەردە بولماڭلار دۇرۇتىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ»[2]

● ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىكى بىر ئاراچقا كىرىپ، دۇئا قىلىپ چۇشۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى توسقانلىقى توغرىسىدا شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن دادامدىن، دادام چوڭ دادامدىن، چوڭ دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ـ

---

[1] ئەبۇداۋۇد 2042 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 218 ـ بەت.

[2] مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 8790 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 367 ـ بەت. مۇسەننەف ئەبى شەيبە، 7543 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 150 ـ بەت. مۇسەننەف ئابدۇرراززاق، 6726 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 577 ـ بەت.

دېگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «قەبرەمنى ھېيت بولغاندەك قىلىۋەتمەڭلار..»[1]

ئابدۇررازاقنىڭ مۇسەننىپىدە كەلتۈرۈلىشىچە: ھەسەن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى بىر بۆلۈك كىشىلەرنى قەبرە بېشىدا كۆرۈپ توسقان ۋە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«قەبرەمنى ھېيت بولغاندەك قىلىۋەتمەڭلار» دېگەن.[2]

3 ـ قەبرىلەرنى تۈزلەپ، ئۇلارنى يەقەت يەردىن بىر غېرىچتىن ئارتۇق كۆتۈرمەسلىككە بۇيرۇلۇشى توغرىسىدا

ئەبى ھەيياج ئەلئەسەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ماڭا: مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئەۋەتكەن نەرسىگە ئەۋەتەيمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ھەرقانداق سۈرەتنى قالدۇرماي يوقاتقىن، ئېگىز قوپۇرۇلغان ھەر قانداق قەبرىنى تۈزلىۋەتكىن» دېگەن، دېدى."[3]

سۇمامە ئىبنى شەفيي ئەلھەمەدانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد بىلەن رىم زېمىنىدا بىرگە ئىدۇق، بىزنىڭ بىر بۇرادىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەن

[1] مۇسەننەف ئالدۇررازاق، 7542 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 150 ـ بەت. مۇسنەد ئەبى يەئلا، 469 ـ رەقەملىك ھەدىس، 1 ـ جىلد، 361 ـ بەت.
[2] مۇسەننەف ئابدۇررازاق، 6726 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 557 ـ بەت.
[3] سەھىھ مۇسلىم، 969 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 666 ـ بەت. ئەلمۇستەدرەك، 1367 ـ رەقەملىك ھەدىس، 1 ـ جىلد، 524 ـ بەت. سۇنەن ئەننەسەئىي، 2031 ـ رەقەملىك ھەدىس، 4 ـ جىلد، 88 ـ بەت.

ئىدى، فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد ئۇنىڭ قەبرىسىنى تۈزلىۋېتىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى تۈزلىۋېتىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.“[1]

ئىمام نەۋەۋي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: ”سۈننەت بويىچە قەبرە زېمىندىن بەك كۆتىرىلمەيدۇ، گۈمبەز چىقىرىلمايدۇ، پەقەت بىر غېرىچ مىقدارى كۆتىرىپ قالغىنى تۈزلىۋېتىلىدۇ“.[2]

**4 ـ قەبرىنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللار ۋە قەبرىنى مەسجىد قىلىۋالغان ۋە چىراغ يېقىۋالغانلارغا لەنەت ئوقۇلغانلىقى توغرىسىدا**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر قەبرىنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا، قەبرىنى مەسجىد قىلىۋالغانلارغا ۋە قەبرىگە چىراغ يېقىۋالغانلارغا لەنەت ئوقۇغان.»[3]

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، 968 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 666 ـ بەت. ئەبۇداۋۇد، 2319 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 215 ـ بەت. ئەننەسەئى، 2030 ـ رەقەملىك ھەدىس، 4 ـ جىلد، 88 ـ بەت. ئەلمۇئجەم ئەلكەبىير، 811 ـ رەقەملىك ھەدىس، 18 ـ جىلد، 314 ـ بەت.

(2) نەۋەۋي، 7 ـ جىلد، 36 ـ بەت.

(3) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 3180 ـ رەقەملىك ھەدىس، 7 ـ جىلد، 453 ـ بەت. ئەلمۇستەدرەك، 1384 ـ رەقەملىك ھەدىس، 1 ـ جىلد، 2530 ـ بەت. ئەبۇداۋۇد، 3236 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 218 ـ بەت. تىرمىزى، 320 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 136 ـ بەت. نەسەئىي، 2043 ـ رەقەملىك ھەدىس، 4 ـ جىلد، 94 ـ بەت. مۇسنەد ئىمام ئەھمەد ۋە مۇئجەم ئەلكەبىير قاتارلىقلاردىمۇ بار.

**6 ـ قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە تام قوپۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى چەكلەش توغرىسىدا**

جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ قەبرىگە گەج ئىشلىتىشتىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا تام قوپۇرۇشتىن چەكلىدى.»[1]

ئەمما ھاكىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كېلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىگە گەج ئىشلىتىش، ئۇنىڭغا خەت يېزىش، تام قوپۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن چەكلىدى.»[2]

## ئۆلۈكلەرگە ئىبادەت قىلغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك شۈبھىلەرگە رەددىيە

بىرىنچى شۈبھە

## "بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق" شاھادىتىگە مۇناسىۋەتلىك شۈبھە

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، 970 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 667 ـ بەت. نەسەئىي، 2027 ـ رەقەملىك ھەدىس، 4 ـ جىلد، 286 ـ بەت. ئىبنى ماجە، 1562، 1563، 1564 ـ رەقەملىك ھەدىسلەر، 1 ـ جىلد، 498 ـ بەت. مۇسنەد ئىمام ئەھمەد، 1370 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 332 ـ بەت.

(2) ھاكىمنىڭ "مۇستەدرەك" ناملىق كىتابى، 1370 ـ رەقەملىك ھەدىس، 1 ـ جىلد، 525 ـ بەت.

بەندىنىڭ نېمە قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ”بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېگەن شاھادەتنىڭ ئۆزىلا جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يېتەرلىك، دەيدىغان قاراش

پەزىلەتلىك شەيخ ئەللامە سالىھ ئىبنى فەۋزان ئەلفەۋزان (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ شۈبھىلەرگە رەددىيە قايتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۈگۈنكى كۈندە مازارغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئىنساننىڭ نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ”بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېيىش بىلەنلا جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ، دېگەن گۇمانىغا ئاساسەن كەلتۈرگەن شۈبھىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ”بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق“ دەپ تەلەپپۇز قىلغان، ئىككى شاھادەتنى ئېيتقان كىشىگە دوزاخ ئوتى ھارام دېگەن ھەدىسنىڭ يۈزەكى تەرىپىنىلا تۇتۇپ ماڭغان كىشىلەر كاپىر بولمايدۇ، دېگەن شۈبھە.

بۇ شۈبھىگە بېرىلىدىغان جاۋاب: بۇ ھەدىسلەر مۇتلەقلىككە ئىگە ئەمەس، بەلكى باشقا ھەدىسلەر بىلەن شەرتلىك ھالدا باغلانغان. ئۇلاردا مۇنداق كېلىدۇ: ”بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېگەن كىشى قەلبى بىلەن ئۇنىڭ مەناسىغا ئىمان كەلتۈرۈشى، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىنكار قىلىشى لازىم. ئەتباننىڭ ھەدىسىدە مۇنداق كېلىدۇ: «ھەقىقەتەن الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ”بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق“ دېگەن كىشىگە دوزاخقا ھارام بولىدۇ.»

ئەمما ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“ (بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق) نى تىلى بىلەن ئېيتقان مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا قالىدۇ. ئۇلارغا ”بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېگەن شاھادەت قەلبلىرى ئارقىلىق تەستىقلانمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: «كىمكى بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دېسە ۋە الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بۇتلىرنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ مېلى ۋە قېنىغا تېگىش ھارامدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابى الله غىدۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قان ۋە مالغا تېگىشنىڭ ھاراملىقىنى مۇنداق ئىككى ئىشقا باغلاپ قويدى. بىرىنچىسى: ” بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق“، ئىككىنچىسى: ” الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان بۇتلىرىنى ئىنكار قىلىش“. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ”بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق“ نى تەلەپپۇز قىلىش بىلەنلا بولدى قىلمىدى. مانا بۇلار: بىر الله دىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، دەپ، ئۆلۈكلەرگە ئىبادەت قىلىشنى تاشلىمىغان، مازارلارغا باغلىنىپ قالغانلارنىڭ قېنى، مېلىغا تېگىش ھارام ئەمەس.“[1]

ئىككىنچى شۇبھە:

---

[1] سالىھ ئەلفەۋزان، ”الإرشاد إلى صحيح الإعتقاد“، 72 - بەت.

شاپائەتكە مۇناسىۋەتلىك شۈبھە

مازارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ سۆزلىرى: بىز ئۇلارغا ئېتىقاد قىلمايمىز، لېكىن ئۇلار (قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر) الله نىڭ سالىھ دوستلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرى، بىز ئۇلار يەتكەن ماقامغا يېتەلمىدۇق. شۇڭا بىز ھاجەتلەرنى راۋا قىلىشتا ئۇلارنى تاللىدۇق، بىز ئۇلاردىن، ئىناۋەتلىك كىشىلەر، ۋەزىرلەر، رەئىسلەر ۋە پادىشاھلار ھۇزۇرىدا ھاجەتمەنلەر ئارىغا ئادەم قويغىنىدەك بىز ئۇلارنى الله بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئارىغا چۈشۈشىنى ۋە ۋاستە بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.

بۇ شۈبھىگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بۇ، الله تائالا ﴿ئۇلار الله نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) الله نىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ﴾[1] دەپ خەۋەر بەرگەن چاغدا، ئىلگىرىكى كاپىر قەۋملەر دېگەن سۆزنىڭ دەل ئۆزى. بۇنىڭدىن كېيىن الله تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ: ﴿ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى الله نىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى الله بىلمەي قېلىپ، سىلەر الله غا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟﴾ ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى، 18 ـ ئايەت.

شېرىك دەپ ئاتاپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكدۇر ۋە يۈكسەكدۇر.﴾

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن الله غا خاستۇر، الله نى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى الله غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ).﴾ (1)

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: "قەتادە، سەدىي ۋە مالىك زەيد ئىبن ئەسلەم ۋە ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ بىزنى الله غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر﴾ يەنى ئۇلار بىز ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئالدىدا ئورنى بولۇپ، ئۇ بىزنى الله غا يېقىنلاشتۇرىدۇ... بۇ قەدىمكى ۋە يېڭى مۇشرىكلارنىڭ تايىنىدىغان شۇبھىلىرىنىڭ دەل ئۆزى. بارلىق پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ دۇرۇت ۋە سالاملىرى بولسۇن!) نىڭ ھەممىسى ئۇلارغا قارشى تۇرۇش، يېگانە، شېرىكسىز بىر الله نى ئىبادەتتە يالغۇز دەپ تونۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن. مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان ئىشلىرى بولۇپ، الله ئۇ ئىشلارغا رۇخسەت بەرمىگەن، رازىمۇ بولمىغان. بەلكى، ئۇنىڭدىن توسقان ۋە ئۇ ئىش الله نى غەزەپلەندۈرگەن." (2)

---

(1) زۇمەر سۈرىسى، 3 - ئايەت.
(2) ئىبنى كەسىر، قۇرئان كەرىم تەپسىرى، 4 - جىلد، 59 - بەت.

مانا بۇلار پەيغەمبىرىنى كۈچلۈك ھۆججەت ۋە پاكىتلار بىلەن ئەۋەتكەن الله تائالانىڭ ھەق دىندىن ئازغانلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇنى چىڭ تۇتقانلارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقان سۆزىدۇر.

شاپائەت الله تائالانىڭ ھوقۇقى بولۇپ، الله نىڭ ئىجازىتى ۋە بۇيرۇقىسىز ھېچقانداق بىر كىشى شاپائەت قىلالمايدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿(قىيامەت كۈنى ) ھەر قانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن الله نىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ﴾[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾[3]

بۇ ئايەت كەرىمىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا شاپائەتنىڭ پەقەت ئىككى خىل شەرت ئاستىدا كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتىدۇ:

بىرىنچى: شاپائەت قىلغۇچىغا الله نىڭ رۇخسەتى بولۇش؛ چۈنكى شاپائەت يېگانە الله نىڭ خاس مۈلكى. الله مۇنداق

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 255 - ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى، 3 - ئايەت.
[3] نەجم سۈرىسى، 26 - ئايەت.

دېگەن: ﴿شاپائەتنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم اللە نىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)﴾[1]

ئىككىنچى: اللە تائالانىڭ شاپائەت قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇشى؛ اللە تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت خالىس تەۋھىد ساھىبلىرىغا خاس بولۇپ، مۇشرىكلارغا اللە تائالا ئىپتىقاندەك، ھېچكىمنىڭ شاپائىتى مەنپەئەت قىلمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[2]

مانا بۇلار ئارقىلىق يۇقىرىدىكى ئۆلۈكلەردىن شاپائەت تىلەيدىغان ۋە ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىدىغان مازارچىلار چىڭ ئېسىلىۋالغان بۇ شۇبھىلەرنىڭ باتىللىقى ئايدىڭلىشىپ، يوققا چىقىرىلىدۇ.

ئۈچىنچى شۇبھە

## ئاتىلار ۋە ئەجدادلاردىن پېئىلنىڭ مىراس قالدىغانلىقى توغرىسىدىكى شۇبھە

بۇ، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ياشىغان مۇشرىكلارنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئورتاقلاشقان شۇبھىسىدىن ئىبارەت بولۇپ،

---

[1] زۇمەر سۈرىسى، 44 - ئايەت.
[2] مۇددەسسىر سۈرىسى، 48 - ئايەت.

ئاتىلار ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ قارىشىچە ھىدايەت ۋە توغرا يولدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئىشەنچلىك سانىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردا قەدىمكىلارغا كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار الله تائالانىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدىكى مونۇ سۆزىنى تەستىقلايدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە،سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى، ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن، ئاتا ـ

بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾[1]

ئاتىلار ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ:

بىرىنچى: ماختاشقا لايىق قىسمى ؛ ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ۋە ھىدايەت ئۈستىدە بولغانلارغا ئەگىشىشتۇر. ئۇلارنىڭ مىسالىنى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا دېگەن مونۇ سۆزىدىن تېپىش مۇمكىن: ﴿مەن ئەجدادلىرىم، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس﴾[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر﴾[3]

ئىككىنچى: ئەيىبلەشكە لايىق قىسمى؛ ئۇلارنىڭ ئەگىشىشكە، تەقلىد قىلىشقا بولمايدىغان ئازغۇنلىقىغا ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقىغا قارشى ھالدا، الله غا شېرىك

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 172 - ئايەتتىن 174 - ئايەتكىچە.
[2] يۈسۈف سۈرىسى، 38 - ئايەت.
[3] تۇر سۈرىسى، 21 - ئايەت.

كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنىڭ قەلبلىرىگە ئورناپ كەتكەن شۈبهىلەرنىڭ بىرى. نۇھ ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دىئالوگقا قاراپ باقايلى: ﴿ئى قەۋمىم! (يالغۇز اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، اللە نىڭ ئازابىدىن) قورقماسسىلەر؟ ». ئۇنىڭ قەۋمىدىكى ئىمانسىز كاتتىلار ئېيتتى: « بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر اللە (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى، بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز﴾[1]

ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە خاتالىقلىرىنى اللە نىڭ پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيهىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەق ۋە ھىدايەتكە قارشى دەلىل، ھۆججەت سۈپىتىدە كۆرسەتتى.

سالىھ ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشتى: ﴿بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟﴾[2]

ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئېيتتى: « ئۇنداق ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق »﴾[1]

---

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 23، 24 ـ ئايەتلەر.
[2] ھۇد سۈرىسى، 62 ـ ئايەت.

اللە نىڭ دۈشمىنى فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھالى قانداق؟ (يەنى قانداق بولغان؟)»﴾[2]

ئەرەبلەرنىڭ مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىندىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر﴾[3]

ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ مۇشرىكلىرى بۇ شۈبھىدە ئىلگىرىكى مۇشرىكلارنىڭ سىزغان سىزىقى بويىچە ماڭىدۇ. ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئىش ـ ئىزلارغا ۋارىسلىق قىلىش چاپىقىغا يەنە چاپاق قوشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقلىرىغا ئەگەشكەنلەرمۇ، ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ يولدىن چىققان بولىدۇ. ماختاشقا لايىق كىشىلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ماختىلىدۇ.

### تۆتىنچى شۈبھە

### ئاز سانلىق ۋە كۆپ سانلىق شۈبھىسى

شەيتان ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرەڭلەشنى ئۆگەتكەن. ئۇلار زېمىننىڭ غەرب ۋە شەرقلىرىدە

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى، 74 ـ ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى، 51 ـ ئايەت.
[3] ساد سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.

ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرىغا ئىسلىپ قالغان شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ باتىل ئۈستىدە بولۇشى، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلارنىڭ ھەقىقەت تەرەپتە بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس، دېگەن شۇبھە:

بۇ شۇبھىگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ھەقىقەت كىشىلەر ئارىسىدا ئەزىز بولىدۇ. ھەقىقەت تەرەپدارلىرى سان جەھەتتە ئاز بولىدۇ: ﴿بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش، مۆمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) الله نىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، الله نىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى الله نىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)﴾[1]

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى الله نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ﴾[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ،ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[3]

[1] فەتھ سۈرىسى، 23 - ئايەت.
[2] يۇسۇف سۈرىسى، 106 - ئايەت.
[3] ئەنئام سۈرىسى، 116 - ئايەت.

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائەتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر)﴾[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴾[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿(ھالاك بولمىسۇن دەپ لۇتنىڭ) شەھىرىدىكى مۆمىنلەرنى (سىرتقا) چىقىرىۋەتتۇق. بىز ئۇ شەھەردىن مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «(قىيامەت كۈنى) بەزى پەيغەمبەرنىڭ بىرلا كىشى بىلەن، يەنە بەزى پەيغەمبەر ئىككىلا كىشى بىلەن، بەزى پەيغەمبەر بىر قانچە كىشى بىلەن ۋە بەزى پەيغەمبەر ھېچ ئەگەشكۈچىسى يوق، يالغۇز ھالەتتە كېلىدۇ.»[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام غېرىب باشلاندى، يەنە باشلانغان چېغىدىكىدەك غېرىب ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ. ئەشۇ غېرىبلار بەختلىكتۇر»[5]

---

(1) مائىدە سۈرىسى، 49 - ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى، 40 - ئايەت.
(3) زارىيات سۈرىسى، 35، 36 - ئايەتلەر.
(4) سەھىھۇل بۇخارى، 5420 - رەقەملىك ھەدىس، 5 - جىلد، 2170 - بەت.
(5) سەھىھ مۇسلىم، 145، 146 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 131 - بەت.

ھەر قانداق بىر كىشى دەۋرىمىزدە ئىسلامنىڭ ئىنتايىن غېرىب ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ناۋادا كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھەقىقەت ئۈستىدە بولغان بولسا، مۇسۇلمان ئۆز ئەھلى ۋە ھىمايىچىلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇ قەدەر غېرىبلىق ھېس قىلمىغان بولاتتى.

ئاقىللار سانىنىڭ كۆپلۈكىگە ئالدانمايدۇ، ئاز سانلىق ئىكەنلىكىدىن يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ. بۇ الله نىڭ خەلقلىرى ئارىسىدىكى سۈننىتى. ﴿لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ﴾[1]

بەشىنچى شۇبھە

ھەقىقەتنىڭ يوشۇرۇن ئىكەنلىكىگە دائىر شۇبھە

مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى توسىغان كىشىلەرگە: سىلەرنىڭ ھازىر چاقىرىۋاتقان نەرسەڭلار ھەق بولىدىغان بولسا، تەرىقەتىمىزدىكى ماشايىخلاردىن پالانى ـ پۈكۈنىلارغا يوشۇرۇن قالمىغان بولاتتى، دەيدۇ.

بۇ شۇبھىگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بۇ ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلارنىڭ دەۋالىرىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، بۇ ھەقتە الله ئۇلارنىڭ مونۇ سۆزى بىلەن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 187 ـ ئايەت.

ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى »﴾[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟﴾[2]

مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ھەقىقەتنى بىل، ئۇنىڭ ئەھلىنى بىلەلەيسەن.“

# قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھېكمىتى

## ئۆلۈم ۋە قىيامەتنى ئەسلەش

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش جائىز. سەھىھ مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇ مۇنداق دېدى: « رەببىمدىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىشىمگە رۇخسەت سورىغان ئىدىم، رۇخسەت بەرمىدى. قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئىجازەت سورىۋىدىم، رۇخسەت بەردى.

[1] ئەھقاف سۈرىسى، 11 - ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى، 53 - ئايەت.

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار؛ ئۇ سىلەرگە ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ.»[1]

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش تولۇق چەكلەنگەن ئىدى، كېيىن ئۇنىڭدىكى ئۆلۈم ۋە قىيامەتنى ئەسلەشتىن ئىبارەت مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجازەت بېرىلدى. بۇرەيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، زىيارەت قىلىڭلار!»[2]، يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى ئۇنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلسا، زىيارەت قىلسۇن، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، دېمەڭلار!»[3]

ئەلي ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسىغان ئىدىم، ئۇنى زىيارەت قىلىڭلار؛ ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ.»[4]

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 976 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 671 - بەت. سەھىھ ئىبنى ھىببان، 3169 - رەقەملىك ھەدىس، 7 - جىلد، 440 - بەت.

[2] سەھىھ مۇسلىم، 977 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 672 - بەت. سەھىھ ئىبنى ھىببان، 981 - رەقەملىك ھەدىس، 3 - جىلد، 261 - بەت ۋە باشقىلار.

[3] ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ناملىق كىتابى، 1393 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 532 - بەت. سۈنەن ئەننەسەئىي، 2033 - رەقەملىك ھەدىس. ئەسسۈنەن ئەلكۇبرا، مۇسنەد ئىمام ئەھمەدتىمۇ بار.

[4] ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد ناملىق كىتابى، 1235 - رەقەملىك ھەدىس. ئەبۇيەئلا، 278 - رەقەملىك ھەدىس، 1 - جىلد، 240 - بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەقىيئ قەبرىستانلىقىدىكىلەرگە، شەھىدلەرگە دۇئا قىلىش ۋە مەغپىرەت تىلەش ئۈچۈن قەبرىستانلىققا كېلەتتى.[1]

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتا ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئەسلەشتىن ئىبارەت ھېكمەت بار.

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 974 - رەقەملىك ھەدىس، 2 - جىلد، 669 - بەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبنى ھىببان، ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ناملىق كىتابى، ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد ناملىق كىتابىدىمۇ بار.

# قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتا يول قويۇلغان ئىشلار

مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسىنىڭ سۈننەتكە مۇۋاپىق ئىززەت ـ ھۆرمىتى بار؛ چۈنكى ئۇ، ۋاپات بولغان مۇسۇلماننىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناپاك نەرسىلەرنىڭ تاشلانمايدىغانلىقى دەسسەلمەيدىغانلىقى، ھاقارەتلەنمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭغا يۆلىنىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ھەممە بىرلىككە كەلگەن. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە مېيىتلارغا ناچار سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن ئازار بەرگەن كىشىلەر بىلەن قوشنا بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، قەبرە بېشىغا كەلگەندە ئۇلارغا دۇئا قىلىش ۋە سالام يوللاشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۆردۇق. مېيىت قانچە ياخشى كىشى بولسا، ئۇنىڭ ھەققىمۇ شۇنچە كەسكىن بولىدۇ.

بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "قاچانىكى كىشىلەر قەبرىستانلىققا چىقماقچى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېيىشنى ئۈگەتتى: «سالام سىلەرگە، ئى قەبرە ئەھلى!» يەنە بىر رىۋايەتتە: «سالام سىلەرگە، ئى مۆمىن ۋە مۇسۇلمان ئەھلى! الله خالىسا

بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلغۇچىدۇرمىز. اللہ دىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن.»[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىستانلىققا چىققاندا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەسسالام ئەلەيكۇم، ئى مۆمىنلەر دىيارى! بىزمۇ اللہ خالىسا سىلەرگە قوشۇلىمىز.»[2]

يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇزۇن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل قېشىمغا كېلىپ: سېنى رەببىڭ بەقىئ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىشىڭنى بۇيرۇدى، ـ دېدى». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ”ئي اللہ نىڭ ئەلچىسى! مەن نېمە دەيمەن؟“ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سالام سىلەرگە، ئى مۆمىن ۋە مۇسۇلمان ئەھلى! اللہ بىزدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەرگە رەھىم قىلسۇن، بىزمۇ اللہ خالىسا سىلەرگە قوشۇلىمىز، دەڭ» دېدى.[3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ، ئۇنى بەقىئ

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 249 ـ رەقەملىك ھەدىس، 1 ـ جىلد، 218 ـ بەت، 974 ـ رەقەملىك ھەدىس، 2 ـ جىلد، 669 ـ بەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھىببان، ئەبۇداۋۇد، سۈنەن ئەننەسەئىي، بەيھەقىي ۋە ئىمام ئەھمەدلەرنىڭ كىتابلىرىدىمۇ بار.
[2] يۇقىرىقى مەنبە.
[3] يۇقىرىقى مەنبە.

قەبرىستانلىقتىن تاپتىم. ئۇ مۇنداق دېدى: « سالام سىلەرگە، ئى مۆمىنلەر دىيارى! سىلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلارسىلەر، بىز سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئى الله بىزنى ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى پىتنىگە گىرىپتار قىلمىغىن! »[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە قەبرىستانلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قەبرىستانلىققا قاراپ تۇرۇپ: « ئى قەبرە ئەھلى! سىلەرگە سالام الله بىزنى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلغاي، سىلەر بىزدىن بۇرۇن بارغۇچىلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ ئىزىڭلاردىن بارغۇچىدۇرمىز » دېدى.[2]

ئەبۇداۋۇد ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرە بېشىدا تۇرۇپ: « قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن (سوئال ـ سوراقتا) مۇستەھكەملىك تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوئال سوراق قىلىنىۋاتىدۇ. »دېدى.[3]

---

[1] يۇقىرىقى مەنبە.
[2] يۇقىرىقى مەنبە.
[3] ھاكىمنىڭ مۇستەدرەك ناملىق كىتابى، 1372 ـ رەقەملىك ھەدىس، 1 ـ جىلد، 526 ـ بەت. ئەبۇداۋۇد، 3221 ـ رەقەملىك ھەدىس، 3 ـ جىلد، 215 ـ بەت.

ئابدۇلبەر سەھھ دەپ قارىغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كىشى دۇنيادا ئۆزى تونۇيدىغان بىرسىنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا سالام بەرسۇن، الله ئۇنىڭغا روھىنى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىدۇ.»

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ۋە ئۈممەتتىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنى زىيارەت قىلغان ياكى ئۆتكەن چاغلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى يېنىدا قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلار گويا تىرىكلەرگە قىلغان سالامغا ئوخشاش مېيىتلەرگە سالام قىلىش، ئۇنىڭغا دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن دۇئا قىلغانغا ئوخشاش دۇئا قىلىشلاردىن ئىبارەت. مېيىتلارغا قىلغان دۇئا تىرىك كىشىنىڭ ئۆزى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىشىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە مېيىت نامىزىدا، مېيىتكە مەخسۇس دۇئا قىلغانغا ئوخشاش نامازغا ئوقۇغۇچى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغىمۇ دۇئا قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ئىلگىرىكىلەر بۇ يولنى تۇتۇپ ماڭغان.

ھازىر مازارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا بۇلار نەدە تۇرىدۇ؟!

**مازارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى نېمىلەر قايمۇقتۇرغان؟!**

ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ”قەبرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نە پايدا ـ زىيان، نە ھايات، نە ئۆلۈم، نە بىر نەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىغان مازارچىلارنى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا نېمىلەر قايمۇقتۇرغان؟“

ئۇلارنى بۇ ئىشقا تۈۋەندىكى ئىشلار گىرىپتار قىلغان، دەپ قارىلىدۇ:

ـ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى، بەلكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنى تەۋھىدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شېرىكنىڭ سەۋەبلىرىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتتىن بىخەۋەر قېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن نېسۋىسى ئازلاپ كەتتى؛ شەيتان ئۇلارنى پىتنىگە چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى يالغانغا چىقىرىدىغان ئىلىم بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىغا مۇناسىپ ھالدا جاۋاب قايتۇرۇشتى. دېمەك قانچىلىك ئىلمى بولسا شەيتاننىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن شۇنچىلىك ساقلىنىپ قالالىدى.

ـ يالغان، ئويدۇرما ھەدىسلەر: بۇلار بۇددىستلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان مازارچىلار تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۆكلەپ قويغان يالغان ھەدىسلەر بولۇپ، ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ

دىنىغا زىت كېلىدۇ. بۇ ھەدىسلەردىن مونۇلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن: ”ئەگەر سىلەرگە بىر ئىش ئېغىر كېلىپ قالسا، قەبرىدىكىلەرگە ئېسىلىڭلار!“[1]، يەنە ”ئەگەر بىرىڭلار تاشقا نىسبەتەن ياخشى كۆز قاراشتا بولسا، ئۇ پايدا يەتكۈزەلەيدۇ.“[2] بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر ئىسلام دىنىغا تامامەن زىت. ئۇنى مۇشرىكلار ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلارغا ئوخشاش نادان ئازغۇنلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان. الله پەيغەمبىرىنى تاشقا نىسبەتەن ياخشى كۆز قاراشتا بولغانلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇممىتىنى ھەرقانداق يول بىلەن قەبرىگە مۇناسىۋەتلىك پىتنىلەردىن ئامان قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

ـ ئەشۇ قەبرىلەر توغرىسىدا سۆزلەنگەن ھېكايىلەر: پالانى بېشىغا قاتتىق كۈن كېلىپ قالغاندا پۈكۈنىنىڭ قەبرىسىدىن ئامانلىق تىلىگەنىكەن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. پالانى ئۇنىڭغا دۇئا قىلغانىكەن ياكى ئۇنىڭدىن ھاجىتىنى تىلىگەنىكەن، ئۇ ئىشى ھەل بوپتۇ. پالانىغا بىر بالا ـ قازا كەپتىكەن، ئۇ ئاۋۇ قەبرىنىڭ ساھىبىگە ئىلتىجا قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئۇ قىيىنچىلىقلىرى ئاسان بولۇپ كېتىپتۇ. يوقۇق ۋە قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇ ئىشلارنى ئېيتىپ كەلسەك ناھايىتى ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆلۈك ۋە تىرىكلەرگە نىسبەتەن

---

(1) يالغان، ھېچقانداق ئاساسى يوق.

(2) مەۋزۇئ : ”كشف الخفاء“ ، 2 - جىلد، 152 - بەت. ”المقاصد الحسنة“ ، 853، ”تمييز الطيب“ ، 1083.

اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ كاززاپ كىشىلەردۇر. كىشىلەرنىڭ نەپسىلىرى ھاجەتلىرىنىڭ راۋا، قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پالانىنىڭ قەبرىسىنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ئاڭلايدۇ، شەيتان ئۇنىڭغا چاقىرىشتا مېھرىبانلىق قىلىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قېشىدا دۇئا قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۇ كىشى ئۇ يەردە قىزغىنلىق، تۆۋەنچىلىك ۋە ئاجىزلىق بىلەن دۇئا قىلىدۇ، اللە تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قەبرىنىڭ يۈزىدىن ئەمەس، قەلبىنىڭ ساپلىقىغا ئاساسەن ئىجابەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان شۇ ئىخلاسى بىلەن بازار، مۇنچا، مەيخانا ـ قاۋاقخانىلاردا دۇئا قىلسىمۇ ئىجابەت قىلىدۇ. ئەمما، نادانلار دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا قەبرىنىڭ تەسىرى بار، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. اللە تائالا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى كاپىر بولسىمۇ ئىجابەت قىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ﴾[1]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿(يەنى مەككىنىڭ) ئاھالىسىدىن اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن﴾[2] ئۇنىڭغا ئۇلاپ اللە

---

[1] ئىسرا سۈرىسى، 20 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 126 ـ ئايەت.

تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿الله:«كاپــىر بولغــان ئادەمنىمــۇ (رىــزىقتىن) ئازغىنا مــۇددەت (يــەنى هاياتلىقىــدا) بەهرىمــەن قىلىمــەن، ئانــدىن كېــيىن ئــۇنى (ئاخىرەتتــە) دوزاخقــا هەيدەيمەن»دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!﴾

دۇئاسى ئىجابەت بولغان كىشىلەرنىڭ هەممىسىدىن الله رازى بولغـان، ئـۇنى ياخشـى كۆرگـەن، ئـۇنىڭ ئىشـلىرىدىن مەمنـۇن بولغــان بولمايــدۇ. الله تائــالا ياخشــىنىڭمۇ، يامانىنىڭمــۇ، مۆمىنىنىڭمـۇ، كاپىـرنىڭمۇ دۇئاسـىنى ئىجابـەت قىلىـدۇ. نۇرغـۇن كىشىلەر چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن دۇئالارنى قىلىدۇ، دۇئالىرىدا بىـر نەرسىلەرنى شەرت قىلىدۇ ياكى تىلەش جائىز بولمايدىغان نەرسـىلەرنى سـورايدۇ، نەتىجىــدە ئــۇنىڭ ئــۇ تىلىكــى، هــېچ بولمىغاندىمـۇ تىلىكىنىــڭ بىــر قىسـمى ئىجابـەت بولىــدۇ. ئــۇ ئۆزىنىــڭ ئىشــىنى ياخشــى، الله ئۇنىڭــدىن رازى دەپ گــۇمان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ الله تائالانىڭ ئۇلارغا مال ۋە پەرزەنتلەر بىلەن بەرگەن مۆهلىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. هالبۇكى، ئـۇ الله تائالا ماڭا ياخشىلىقنى تېز ـ تېزلا بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئـۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەســهەتنى ئۇنتــۇغان چاغــدا، ئــۇلارغا(ســىناش ئۈچــۈن) پاراۋانلىقنىڭ هەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق.﴾[1]

دۇئـا دېگـەن ئىبـادەت بولۇشـىمۇ مـۇمكىن. هـاجىتىنى هـەل قىلىشــنى تىلەيــدىغان ســوئال بولــۇپ، ئــۇنىڭغا زىيــانلىق

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 44 ـ ئايەت.

بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك اﷲ تائالاغا ئۇ ئېرىشكەن نەرسە بىلەن ئۇنى جازالىشى ياكى دەرىجىسىنى چۈشۈرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. اﷲ ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئۆز ھوقۇقىنى ۋەيران قىلغان، اﷲ بەلگىلىگەن دائىرىدىن چەتنەشكە جۈرئەت قىلغان ئۇ كىشىلەرنى جازالايدۇ.[1]

[1] ئىبنى قەييۇمنىڭ "ۋغاڭە اللهفان" ناملىق كىتابى، 220، 221 - بەتلەر.

www.munber.org

# ئۇلار (مۇنا پىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولمىدىمۇ؟

ئىمام ئەھمەد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: "اللە نىڭ كىتابىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا دائىر 33 ئورۇننى ئۇچراتتىم. ئاندىن ئۇ اللە تائالانىڭ ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغاچ: پىتنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ پىتنە دېمەك شېرىك دېمەكتۇر. قەلبىگە قىڭغىر بىر نەرسە ئازراق تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلبى قىڭغىر كېتىدۇ ـ دە، ئۇنى ھالاك قىلىدۇ."[2]

شېرىكتىن ئىبارەت بۇ پىتنىنى گۈمبەز، مەشھۇر جايلار ۋە ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئامانەتدارى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتماسلىق، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تەتۈر قاراش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈكلەرگە يېقىنلىششنى ئىزدەيدىغان بەرزەخ ئەھلىنىڭ يۇيۇقلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى زېمىندىكى ئەڭ ياخشى قەبرە بولسىمۇ، پەيغەمبەر

---

[1] نۇر سۈرىسى، 63 ـ ئايەت.
[2] ئىبنى بەتتە ئەلئەبكەرىنىڭ "الإبانه" ناملىق كىتابى، 1 ـ جىلد، 260 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەسجىد قىلىۋېلىشنى، ئۇنى بايرام ئۆتكۈزىدىغان يەرلەرگە ئوخشىتىۋېلىشتىن توسقانلىقىغا يۇقىرىدا ئۆتكەن دەلىللەر يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. خۇددا ھەققى بىر دەپ باققىنا، زېمىندا كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر قەبرىسىگە بېرىشتىن توسۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەل بىر كىشى بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتىدىن بولغان تابىئىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەلىي ئىبنى ھۈسەين پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى يېنىدا دۇئا قىلىۋاتقان بىر كىشىنى ئۇ دادىسى ھۆسەيىندىن، دادىسى چوڭ دادىسى ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇ باشقىلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىدۇ) دىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈپ توسىغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتىنىڭ شەيخى بولغان ھەسەن ئىبنى ئەلھەسەن مەسجىدكە كىرىشتىن باشقا قەبرىستانلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارغا سالام بېرىشكە بېرىشنى يامان كۆرەتتى ۋە ئۇنى قەبرىلەرنى بايرام ئۆتكۈزىدىغان جايلارغا ئوخشىتىۋېلىش دەپ قارايتتى.

بۇ دەسلەپكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلار قورشىلىپ قالغان خەتەرنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ

سەممىي كىشىسى ئەبۇبەكرى مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان بىر ئىشنى قىلماي تاشلاپ قويمىدىم. مەن ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىدىن بىرەرىنى تاشلاپ قويۇپ، قىڭغىر كېتىشتىن قورقىمەن.“

ھۇجەير ئىبنى ئەبى رەبىئ ئۇمران ئىبنى ھۇسەيننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايانىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر.» بەشىر ئىبنى كەئب مۇنداق دېگەن: ”ئۇنىڭ بېرىمى ئاجىزلىق، يېرىمى الله غا ئىتائەت قىلىشتۇر“. بۇنىڭ بىلەن ئۇمران: ئەبا ھەجىن، بۇ كىمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: مەسىلە يوق ئادەم، ــ دېدىم. ئۇ: مېنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ بەرگىنىمنى ئاڭلاپ بولۇپ: ”ئۇنىڭ يېرىمى ئاجىزلىق، يېرىمى الله غا ئىتائەت قىلىشتۇر“ دەۋاتىدۇ، الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇگۈنكى ھەدىسنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەيمەن. ـ دېدى.

مەشھۇر ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرىنى تاشلاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋەتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىشىپ (بارماق بىلەن ئېتىش) ئوينىشتىن چەكلەپ: «ئۇ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، دۈشمەننى قورقىتالمايدۇ. ئۇ

ھەقىقەتەن كۆزنى ئۇيىۋېتىدۇ ھەم چىشنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ» دېگەن. شۇ چاغدا بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلگە: بۇنىڭ نېمە زىيىنى؟ - دېگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: ”مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى دەپ بېرىۋاتسام بۇ گەپنى قىلامسەن؟ الله بىلەن قەسەمكى، ساڭا ھەرگىز گەپ قىلمايمەن.“

بىر كىشى مالىك ئىبنى ئەنەس (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدىن ئېھرام باغلامدىمەن ياكى زۇلھۇلەيفەدىن ئېھرام باغلامدىمەن؟ — دەپ سورىدى. مالىك: زۇلھۇلەيفەدىن باغلايسەن، - دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدىن ئېھرام باغلىدىم، - دېدى. ئۇنىڭغا مالىك ئىبنى ئەنەس الله تائالانىڭ مونۇ سۆزى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1]

ئەبۇسەئىيد ئەلخۇدەريي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىلەرگە مۇنداق دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامسەن؟ ئۇ

---

[1] نۇر سۈرىسى، 63 - ئايەت.

مۇنداق دېگەن: «پەقەت دەل ئۆزى بولمىغان ئەھۋالدا دىنارنى دىنارغا، دىرھەمنى دىرھەمنى ساتماڭلار! نەقنى نىسى ساتماڭلار!» ئاندىن كېيىن، سەن خالىغىنىڭ بويىچە پەتىۋا بىرىسەن، ھاياتلا بولساق الله ساڭا ۋە ماڭا مەسجىدتىن ئورۇن بەرسۇن.“

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى چىقىشنى ئۇ مازارچىلارنىڭ قانداقمۇ نەپسى قوبۇل قىلىپ، ئەقلى قوبۇل قىلىدىغاندۇ؟ قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، گەجلەش، ئۇنىڭغا يوپۇق، پەردە قاتارلىق نەرسىلەرنى يېپىش، ئۈستىگە شام يېقىش، ئۇنى ئەتراپىدا ياش تۆكىدىغان مەسجىد ۋە بايرامگاھلارغا ئايلاندۇرىۋېلىش، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراش، قەبرىلەرگە يېلىنىشتىن ئىبارەت ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلارنى سادىر قىلىش، ئەتراپىدا رەقسى ـ ساما قىلىش، ئۆزىنى كەمبەغەل ـ نامرات كۆرسىتىش، پاسىقلىق ۋە گۇناھ سادىر قىلىش، چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرگە يېلىنىش، خۇشامەت قىلىش، ئۇلاردىن ياردەمگە چاقىرىش، ئۇنىڭغا پايدا ـ زىيان كەلتۈرىدۇ، دەپ قاراش... قاتارلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان ئىشلارنىڭ دەل تەتۈرىنى قىلىشتىن نېمىشقا قورقمايدىغاندۇ؟!! ئۇلار يۇقىرىقى ئىشلار بىلەن شېرىكنىڭ ئازگىلىغا يېقىلىپ، الله تائالانىڭ مونۇ سۆزى دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ: ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە

(يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

ئاقىللار ئەقلىي ۋە روھىي ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ چىھىر ۋە قەلبلىرىدە الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئوقۇلغان چاغدا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالمايدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار.﴾[2]، ﴿سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[3]، ﴿ئېيتقىنكى، :«الله غا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار (الله غا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار »﴾[4]، ﴿الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت

---

[1] نىسا سۈرىسى، 115 - ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 24 - ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 132 - ئايەت.
[4] نۇر سۈرىسى، 54 - ئايەت.

قىلىشتىن ) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى «اللە غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن)يۈز ئۆرۈسە، اللە كاپىرلارنى (يەنى اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

ئىبنى بەتتە ئەلئەبكەرى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر، بىرىڭلار ئۆلىمالار رىۋايەت قىلغان، ئاقىللار دەلىل ـ ھۆججەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى بىلەن ئېتىراز قىلمىسۇن! ئەگەر ئۇنداق قىلسا، اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمدە بايان قىلغان تەھدىتنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[3]

بۇ يەردىكى پىتنىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ـ ئۇلۇغ اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش، ئىماندىن كېيىن كۇبۇرلۇق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. اللە تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿تاكى

---

[1] مائىدە سۈرىسى، 92 ـ ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 32 ـ ئايەت.
[3] نۇر سۈرىسى، 63 ـ ئايەت.

زىيانكەشلىك تۈگىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[1] يەنى شېرىك تۈگىگەنلىكىگە قەدەر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر.﴾[2] يەنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈش سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشۇڭلاردىنمۇ يامان.»[3]

### ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ غۇلاپ كېتىشى

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر الله نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان - زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا الله غا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله غا (ئاسمان - زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 193 - ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 191 - ئايەت.
[3] بۇ نەقىللەر ئىبنى بەتتە ئەلكىبەرىنىڭ "الإبانه في منتقد الفرقه الناجيه" ناملىق كىتابى، ئىمان بابىدىن ئېلىندى.

يوق ». الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا الله نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.﴾[1]

بۇ ئايەت كەرىمە ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ ساھىبلىرىغا نىسبەتەن ئۆلۈكلەردىن ھاجىتىنى تىلەيدىغان، ئۇلارغا باغلىنىپ قالىدىغانلارنىڭ شېرىككە بارىدىغان بارلىق يوللارنى، ئىشىكلەرنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئەڭ قاتتىق يېپىپ، تۆت تەرىپىنى مۇستەھكەملىۋەتتى. چۈنكى دۇئا قىلغۇچى دۇئا قىلىنغۇچىغا پەقەت نەپ ياكى بېرەر بالا ـ قازانىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپلا باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بېرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلمىغىنىدا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قەلبى قورقۇش، ئەنسىزلىنىش ۋە ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا باغلانمايدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى تۆت يول ئارقىلىق ئىزاھلايمىز:

بىرىنچى: چاقىرىلغۇچى يەنى دۇئا قىلىنغۇچىنىڭ ئىلكىدە دۇئا قىلغۇچىغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزىدىغان ئامىللار تېپىلىشى كېرەك. الله تائالا بۇ خىل ئۇسۇلنى كېسىپ تاشلاپ، الله تائالا ئۇلارنى الله دىن غەيرى دۇئا قىلىنغۇچىلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ﴾، ئىگىدارچىلىقنىڭ ھەممىسى الله نىڭ بولۇپ، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ.

[1] سەبەئ سۈرىسى، 22، 23 - ئايەتلەر.

ئىككىنچى: دۇئا قىلىنغۇچى ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا شېرىك بولۇشى كېرەك، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ شېرىكچىلىكىدىكى مالدىن مۇئەييەن مىقداردا دۇئا قىلغۇچىغا نەپ يەتكۈزەلەيدۇ. الله تائالا بۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىنى ﴿ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا الله غا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق رەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى: دۇئا قىلىنغۇچى ئىگىدارلىق قىلغۇچىغا ھەمكارلاشقۇچى، ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان بولۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا، ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئۆزىنى باشپاناھ تارتقان كىشىگە ئىش ئورنىدىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇلكىگە بىرسىنىڭ شېرىك بولۇشىنى ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله غا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملەشكۈچى) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق يوققا چىقىرىدۇ.

تۆتىنچى: دۇئا قىلىنغۇچى ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ يېنىدا دۇئا قىلغۇچىنى شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەرھەمەتلىك الله ئىزنى بەرگەن ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.﴾[1]

---

[1] تاھا سۈرىسى، 109 ـ ئايەت.

بىز يوقىرىدا بايان قىلغان كىشىلەردىن باشقىلارغا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.

ئۇلار قايسى ئارغامچىغا ئېسىلىدۇ؟ قايسى دەلىلنى تۇتۇپ ماڭىدۇ؟ قۇرئان ۋە سۈننەتكە قارشى ئۇلار يەنە قايسى دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گۇلقەقەلىرىنى ئېچىپ يۈرۈشىدۇ؟

الله تائالا شاھلارنىڭ شاھى، ئۇ خالىغىنى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. الله بارلىق نەرسىلەردىن بىھاجەت، ئۇنىڭ شېرىكى، ئوخشىشى يوق، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا شاپائەت قىلىدىغانلار پەقەت الله بەلگىلەپ بەرگەن چېگرا ۋە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەر ئاساسىدىلا شاپائەت قىلالايدۇ. قېنى ئەشۇ مازارچىلارنىڭ بۇنىڭغا بىرەر نەرسىسى بارمۇ؟

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئەزىز كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ داۋالىرىدا سادىق بولسا، ئەقىل ۋە پاكىتقا ئۇيغۇن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىسپاتلاپ بېقىشقا چاقىرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ (ئەھۋالىنى) ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلار زېمىننىڭ قايسى قىسمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ الله بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرگە نازىل قىلىنغان) كىتاب

ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلا﴾[1]

## ئۆمۈچۈك ئۆيى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىشىشى

ئوخشىتىشنىڭ ئىككى ئاساسى، يەنى بىر تەرەپتە ئۆمۈچۈك ئۆيىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتە اللە نى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تائىتىنى ئۆلۈكلەرگە باغلاپ قويغان مېيىتلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىش ئۈچ نۇقتا بويىچە بىر - بىرىگە تولۇق ماسلىشىدۇ:

بىرىنچىسى: ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىك؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈسىنى شۇ قەدەر ئاجىز، ھەتتا ئۆزلىرىگىمۇ پايدا، زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئۆلۈم، ھايات بېغىشلىيالمايدىغان ياكى بىر نەرسىنى تىرىلدۈرەلمەيدىغان بىر نەرسىلەرگە باغلاپ، ھەمدۇ ئېيتىشقا لايىق، بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقان، ھەممىنىڭ كاتتىسى بولغان، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا، بارلىق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا قايتىدىغان، ئۇنىڭ خالىغىنى بولىدىغان، خالىمىغىنى بولمايدىغان، ئۇ ئاتا قىلغاننى توسۇپ قالغۇچى، توسقاننى ئاتا قىلغۇچى بولمايدىغان قۇدرەتلىك زاتقا بولغان سۆيگۈنى تاشلاپ قويۇش.

---

[1] ئەھقاف سۈرىسى، 4 - ئايەت.

www.munber.org

ئىككىنچىسى: ئوخشىتىلغۇچى، يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىنىڭ بىرەر ئۆتكۈنچى هاشارات ياكى قۇرۇت ئۈچۈن قورۇلغان قاپقان ياكى تۇزاقتىن باشقا نەرسە بولمىغىنىدەك، مازارچىلارنىڭ ئەقىلسىز، ئىدراكسىز ئىنسانلار تائىپىسى ئۈچۈن شەيتان تەرىپىدىن قورۇلغان قاپقان ياكى تۇزاقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى؛ ئادەم باللىرىنىڭ الله نىڭ غەيرىگە قىلغان ئىبادىتى شەيتانغا قىلىنغان ئىبادەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئىبادەت قىلغۇچى ئىبادەت قىلىنغۇچىدىن ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئېرىشىش بىلەن هۇزۇرلىنىدۇ. ئىبادەت قىلىنغۇچىمۇ ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئۇنى ئۇلۇغلىشى ۋە الله غا شېرىك دەپ بىلىشىنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله (ئىنسانلارنى، جىنلارنى هېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە الله ئېيتىدۇكى) «ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار». ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر ـ بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق» دەيدۇ، الله: «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر الله نىڭ خاهىشىغا باغلىق هالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ. شۈبهىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، هەممىنى بىلگۈچىدۇر.﴾[1]

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 28 ـ ئايەت.

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ كۈندە الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى»﴾[1]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿شۇ كۈندە الله ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار الله نى قويۇپ، چوقۇنغان نەرسىلىرىنى يىغىدۇ.ئاندىن الله (ئۇلارغا): «مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟» دەيدۇ. (ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ: «ئى الله! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى»﴾[2]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ

---

[1] سەبەئ سۈرىسى، 40، 41 - ئايەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى، 17، 18 - ئايەتلەر.

ھەقىقەتــەن سىلەرگــە ئاشــكارا دۈشــمەندۇر، مــاڭىلا ئىبــادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[1]

ھاپىــز ئەلھەكــەمىي (الله ئــۇ كىشىگــە رەھمــەت قىلســۇن) مازارغــا ئىبــادەت قىلىــدىغانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگــە قــارىتىپ مۇنداق دېگەن:

ئۇ كىشىلەر سورىشىدۇ ئۆلۈكلىرىدىن ھاجىتىنى،

چۈنكى ئىلاھ بولىۋالغاچ نەپسى، ھەۋەس، خاھىشلىرى.

دەسستىۋالغان قاپقىنىغا ئىبلىس شەيتان ئۇلارنى،

بولۇپ كەتكەچ بەزىلىرى ھەتتا ئۇنىڭ چۈجىلىرى.

ئۈچىنچىسى: ئۆمۈچۈك ئۆيىدىن ئىبارەت ئوخشىتىلغۇچىنىڭ ئۆمۈچۈككە نىسبەتەن تىنچلىقىنىڭ نە ماددىي، نە مەنىۋى جەھەتتىن ھېچقانداق پايدا بېغىشلىيالمايدىغان بىر يالغان پاناگاھتىن باشقا نەرسە بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭغا ئوخشىتىلغان قەبرىگە ئىبادەت قىلغۇچى تائىپىنىڭمۇ دەل ئەشۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقى؛ الله غا كەلتۈرگەن شېرىكلىرىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئۇلار مەنىۋى جەھەتتە ھېچقانداق ئامان ـ ئېسەنلىككە ئېرىشەلمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئىلاھلىق) ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن،

[1] ياسىن سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، ئالىملارنىڭ جايى (يەنى دوزاخ) ھەقىقەتەن يامان جايدۇر﴾[1]

ئەمما ماددىي جەھەتتە، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دۇئا قىلىشتا، الله نى قويۇپ، باشقىلارنى ۋاستىگە تاللىۋېلىشقان ۋە بۇنى تەۋھىدنىڭ نىگىزى دەپ ئويلاپ قېلىشقان. كېيىن قانداق بولغان؟

ئۇلار بۇنى پاناگاھ ساناۋاتقان نەرسىلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مىساللىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئا ـ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى: ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە ئامان ئىسەنلىك ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېيىشىدۇ: ﴿(يەنى نۇھنى) مەجنۇن (دېدى.) ئۇ (دىنغا دەۋەت قىلىشتىن) ھەيۋە بىلەن مەنئى قىلىندى﴾[2] ئەمما ئۇلارنىڭ جازاسى قانداق بولدى؟

﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قويۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (الله تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 151 ـ ئايەت.
[2] قەمەر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.

بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)﴾[1]

ب ــ ئاد قەۋمى: ئۇلارغا ئازاب بۇلۇتلىرى يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان چاغدىمۇ تولىمۇ خاتىرجەملىك بىلەن ﴿مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر﴾ دېيىشتى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ھۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر بالدۇرراق ئىشقا ئېشىشنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ بىر بوران بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بار. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بىر ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ھالاك قىلىدۇ» (يەنى بوران كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جايلىرىنىڭ (يەنى تۇرغان ماكانلىرىنىڭ ئىزىدىن) باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى، گۇناھكار قەۋمنى مۇشۇنداق جازالايمىز﴾[2]

ج ــ سەمۇد قەۋمى: ئۇلار پەيغەمبىرىگە ﴿ئى سالىھ: «راستتىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق﴾[3] دەپ خاتىرجەملىكنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۇرۇشقان چېغىدا، نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ ﴿ئۇلارغا

---

[1] قەمەر سۈرىسى، 10 - ئايەتتىن 14 - ئايەتكىچە.
[2] ئەھقاف سۈرىسى، 24، 25 - ئايەتلەر.
[3] ئەئراف سۈرىسى، 77 - ئايەت.

قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴾[1]

د ـ پىرئەۋننىڭ قەۋمى: الله نىڭ دۈشمىنى پىرئەۋنگە ﴿مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟﴾[2] دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى توۋەندە الله تائالا ئېيتقاندەك بولدى: ﴿بىز پىرئەۋنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق (يەنى ئۇلارنى دېڭىزدا غەرق قىلىۋەتتۇق، ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ ساق قالغىنى يوق)، (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىغىن﴾[3]

مانا بۇ، ئۆمۈچۈكنى ئەسلەشتىن كېلىپ چىققان ئاچچىق ئاقىۋەت، ئامانلىق، خاتىرجەملىك دەپ ئويلىغان يەردىن مەيدانغا كەلگەن ھالاكەت، ۋەيرانلىق ۋە يىلتىزىدىن قىرقىلىش. ئۆمۈچۈكنى ئەسلەش ئۇنىڭ ئۈستىدە مەسئۇلىيەت بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ تۈگىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما مازارچىلارنىڭ ئىشى ئۇنداق تۈگىمەيدۇ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغان ئىشلار بار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار (دۇنيادا چوقۇنغان) بۇتلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى

---

[1] ئەئراف سۈرىسى، 78 - ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى، 127 - ئايەت.
[3] قەسەس سۈرىسى، 40 - ئايەت.

پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلىرى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «شۈبھىسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ. شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ اللە غا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن) يالغان ـ ياۋىداقلىرى يوققا چىقىدۇ.﴾[1]

## ﴿بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾

ئىبنى كەسىر (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: "يەنى ئۇ ھەقىقەتە، ئىلمىي چوڭقۇر ۋە ساغلام كىشىلەرلا تەپەككۇر قىلالايدۇ، چۈشىنەلەيدۇ"[2]

شەيخ سەئدى (اللە ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: "بۇ كەلتۈرگەن مىساللارغا ئوقۇغان مەدھىيە بولۇپ، ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغانلارنى ماختاشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمىگەنلەر ئالىم سانالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: چۈنكى، اللە تائالا قۇرئاندا

[1] نەھل سۈرىسى، 86، 87 - ئايەتلەر.
[2] ئىبنى كەسىر، 3 - جىلد، 548 - بەت.

كەلتۈرگەن مىساللار چوڭ ئىشلار، يۈكسەك مەقسەتلەر ۋە قىممەتلىك مەسىلىلەرگە قارىتىلغان.“[1]

الله تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمدە كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئەقىل بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان ماددىي ئىشلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. الله تائالا ئۇنى قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى كۆپ كەلتۈردى، ھەتتا ئۇنى قۇرئاننىڭ فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىنكى سۈرىدىلا ئەمەس، ھەتتا سۈرىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن كېيىنكى بىرىنچى سەھىپىدىلا مىسال بىرىشنى باشلىغان. چۈنكى الله تائالا كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىنىڭ ئۇسۇلى (يەنى ئاساسىي) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچ، تەۋھىد ۋە ئەقىدىنى قارار تاپتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ــ مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ باردا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر)دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ الله غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىسىلەر؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾[2] يەنى، سىلەرنىڭ

[1] ”تيسير الكريم المنان“

[2] رۇم سۈرىسى، 28 - ئايەت.

بىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ قوللىرىنىڭ مال ـ مۈلكىڭلارغا شېرىك بولۇشىنى خالىمىغان يەردە ئۇنى مەندىن باشقا بىرسىگە يۆلىنىشىنى بولمايدىغان، يۆلىسە توغرا بولمايدىغان بۇ ئىشتا، يېگانە زات بولغان ماڭا قانداقسىگە بەندىلىرىمنى شېرىك قىلىپ قويىسىلەر؟

كىمكى شۇنداق دەپ بىلجىرلايدىكەن، ئۇ مېنى تېگىشلىك دەرىجىدە قەدىرلىمىگەن، تېگىشلىك دەرىجىدە ئۇلۇغلىمىغان، مەخلۇقاتلىرىمنىڭ ئەمەس، پەقەت يالغۇز مېنىڭلا ھەققىم ئىكەنلىكى بىلەن يېگانە دەپ تونۇمىغان بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىنسانلار!(يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر. ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلىۋېلىپ) الله نى

تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى، شۈبھىسىزكى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.﴾[1]

ئۇلار الله تائالانى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى (الله ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر)، مۇناسىپ دەرىجىدە بۈيۈك دەپ تونۇمىدى. پەقەت الله غىلا قىلىنمىسا بولمايدىغان ئىبادەتلەردىن بىرەر نەرسىنى زېمىندىكى ئەڭ خار، ئەڭ پەس، ئەڭ ئاجىز چىۋىنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولمىغان ھەتتا چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىۋالسا قايتۇرۇۋېلىشقا قادىر بولالمايدىغان ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرگە قارىتىشتى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾

الله تائالانىڭ مونۇ سۆزىنى ئوقۇغىنىڭىزدا ئازاب يەنىمۇ كۈچىيىدۇ: ﴿بىز كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق﴾[2]، الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مەسەللەرنى خىلمۇ ـ خىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، (روشەن پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي) ئىنسانلارنىڭ تولىسى پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدۇ﴾[3]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.

[1] ھەج سۈرىسى، 73، 74 ـ ئايەتلەر.
[2] زۇمەر سۈرىسى، 27 ـ ئايەت.
[3] ئىسرا سۈرىسى، 89 ـ ئايەت.

ئىنسان كۆپ دەتالاش قىلىدۇ (يەنى كۆپ جېدەللىشىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾[1]، يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئاندا كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق، ئەگەر سەن ئۇلارغا (قۇرئان ئايەتلىرىدىن) بىرەر ئايەتنى كەلتۈرسەڭ، كاپىرلار (دەللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلىكتىن) چوقۇم ئېيتىدۇكى، «سىلەر پەقەت يالغانچىلار سىلەر»﴾[2]

تەۋھىد ۋە ئەقىدىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەكىتلەش، بۇ ھەقىقەتنى ئىزاھلاش، ئەقىل ۋە چۈشەنچىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇش، كەسكىن دەلىل، ھۆججەت ۋە پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ الله تائالا تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللار نېمە دېگەن كۆپ ـ ھە!

بۇنىڭغا ئوخشاش مىسال ۋە دەلىللەرنىڭ كۆپ بولغىنىغا قارىماي، نۇرغۇن كىشىلەر تالاش ـ تارتىش قىلىش، قارشى تۇرۇش، ھەقىقەتنى رەت قىلىش ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن باشقىنى قوبۇل قىلمىدى. الله تائالا ئاللىقاچان مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سەن ئۇلارغا (قۇرئان ئايەتلىرىدىن) بىرەر ئايەتنى كەلتۈرسەڭ، كاپىرلار (دەللىرى قەساۋەتلىشىپ كەتكەنلىكتىن) چوقۇم ئېيتىدۇكى، «سىلەر پەقەت يالغانچىلار سىلەر﴾، يەنى مەسىلەن، گويا ئاينىڭ يېرىلغىنىغا ئوخشاش

---

[1] كەھف سۈرىسى، 54 ـ ئايەت.
[2] رۇم سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.

روشەن بىر پاكىتنى كۆرسەتسەڭ، ئۇلار بۇ ھەقىقەت ئەمەس، سېھىردىن ئىبارەت، دېيىشىدۇ.

ئەگەر بۇلارنى ئېتىراپ قىلساڭ، ئى، الله نىڭ ھىمايىسىدىكى ئىنسان! بىلگىنكى:

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە قەبرىلەرگە ئىبادەت قىلىش كېسىلى بىلەن كور بولۇپ قالغانلار ئۈچۈن ئىبرەت بار. مەن مۇسۇلمان دېگەن بەندە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسۇن، دۈشمەنىنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن! ئۆزلىرىدىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراپ كۆرسۇن:

بىرىنچى: الله تائالا ئۆز كىتابىدا ئىنتايىن چوڭ گۇناھ دەپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ساھىبىنى ئەبەدىي كەچۈرمەيدىغان شېرىك زادى قايسى؟ ئۇ پەقەت بۇتلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ياكى الله دىن باشقا بارلىق ئىبادەت قىلىنغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

ئىككىنچى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نېمىدىن ئۆزىنى پاك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى؟ ئۇ قەۋمىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىشىنى يامان كۆردى؟

ئۈچىنچى: نېمىشقا الله تائالا بىزگە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئۆتكەن مۇسىبەت خەۋەرلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ، نېمىشقا تىلاۋەت قىلىدىغان ئايەتلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ، ئۇنى ئىنسان ۋە جىنلارغا تارقىتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا تەكرارلايدۇ؟

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەچ قەدىمكىلارنى شەيتان ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى قەبىھ شېرىككە دۇچار قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ بوشاشمىغانلىقى ۋە ئەبەدىي بوشاشمايدىغانلىقىنى، شەيتان بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ توختاپ قالمىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم. الله نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە تۇتقان يولىنى ئۆزگەرتمىگەندەك، غەپلەت، ئۇنتۇش، نادانلىق، كۈپۈر، گۇناھ ۋە ئىسيانكارلىققا دۇچ كەلگەن ئىنسانىيەت تەبىئىتىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

پەردىلەر ئېچىلىپ، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقانغا قەدەر الله تائالانىڭ: ﴿الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق - سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى بىلسە ئىدى (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى). الله ئۇلار الله نى تاشلاپ ئىبادەت قىلىۋاتقان نەرسىنى ئوبدان بىلىدۇ، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ

تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىمىز .

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئەسھابلىرىغا دۇئا يوللايمىز.

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 43 ـ ئايەت.